# شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر

# 新 疆 文 史



1

2000

ش.ئۇ.ئا.ر خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى
تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات يۇرتى ئىلمىي ژۇرنىلى

شنجاڭ تارىخدىن تەرمىلەر

1
2000

باش مۇھەررىر : ئابدۇكېرىم رەھمان

# مۇندەرىجە

غەربىي قىسمىنى ئېچىش ساداسى

تارىم دەريا ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداشنى يەنە كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ ........................................ مۇلىك ھاجى 1

ئارىختىن ئامچە

ئاپاق خوجىنىڭ شەرق سەپىرى ھەققىدە ........................ قۇربان تۇران 10

مائارىپچىلار شەجەرىسى

شنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر مائارىپچىلىرى ........... غەيرەتجان ئوسمان 13

مۇھاكىمە

«كالا يىلى»مۇ ياكى «ئۇي يىلى»مۇ ؟ ........................ غەيرەتجان ئابدۇللا كالدىر 22

ماتېرىيال ساندۇقى

مىنگو يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر كۇتۇپخانىچىلىقى ........................ گۈلنار ئەزىز 29

ئوپالنىڭ يېقىنقى زامان سەنئەت ئىشلىرىغا دائىر قىسقىچە ئەسلىمە ...... سىدىق مۇسايوف، غەيرەتجان ئوسمان 32

تېۋىپ يۇسۇف ھاجى كاشغەرىنىڭ قىسقىچە ئۆمۈر بايانى ...................... يۇسۇف ئىگەم 39

يېڭى ئۇچۇرلار

شىنجاڭنىڭ تۇنجى فولكلور مۇزېيى ........................................ ئابدۇكېرىم رەھمان 42

ھېكمەت خەزىنىسى

ماقال ـ تەمسىللەر ، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ، ئەقلىيەلەر ........................ 48,46,45,38,28,21,9

---

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى : ئەركىن ئىمىرباقى . مۇئاۋىن مۇدىر : ئابلىز مۇسا
تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى : (ئۇيغۇر ئېلىپبەسى تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇكېرىم رەھمان ، ئابلىز مۇسا ، خەمىت تۆمۈر ، شاكەن ئوغالبايوف ،
لى جىڭشى ، ئىمىن تۇرسۇن ، غەيرەتجان ئوسمان
كوررېكتور : يۇسۇف ئىگەم

# تارىم دەريا ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداشنى يەنە كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ

مۇلىك ھاجى

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى غەربىي قىسمىنى كەڭ دائىرىدە ئېچىشنى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويدى . غەربىي قىسمىنى ئېچىشتا ئوخشاشلا پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ $\frac{1}{10}$ قىسمىنى تەشكىل قىلغان تارىم ۋادىسىنىڭ بايلىقىنى ئېچىش ، تەقسىم قىلىش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش ، مەبلەغ سېلىش ، كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق زور ئىشلار مۇھىم نۇقتا قىلىنىدۇ .

تارىم دەريا ۋادىسىنىڭ يەر ، يورۇقلۇق ، ئىسسىقلىق بايلىقى مول ، يېتەرلىك بولغان سۇ مەنبەيىگە ئىگە بولۇپ ، كۆپ خىل دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە باب كېلىدۇ ، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ، پاختا ، يىپەك ، مېۋە ـ چېۋە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدىغان غايەلىك بازىسى ، نېفىت ـ تەبىئىي گاز بايلىقىنى ئېچىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، تارىم دەريا ۋادىسى كەلگۈسىدە ، شىنجاڭ ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇھىم نېفىت ـ خىمىيە ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلانغۇسى . شۇڭا ، ئۆتكەندە تارىم ۋادىسىنى ئېچىشنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى دىئالېكتىك ئاساستا باھالاپ ، ئۇنىڭ ئاكتىپ تەرەپلىرىنى مۇستەھكەملەپ راۋاجلاندۇرۇش ، پاسسىپ تەرەپلىرىنى يەكۈنلەپ ساۋاق ئېلىش ، پايدىسىز تەرەپلىرىنى چەكلەش ، بولۇپمۇ بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتقان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداپ قېلىش . بۇ تارىمدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىددىي ئارزۇسى ، تارىمدىكى شانلىق مەدەنىيەتنى قوغداپ قېلىشنىڭ تەلىپى ، مەملىكەت زېمىنىنىڭ $\frac{1}{10}$ قىسمىنى تەشكىل قىلغان تارىمنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش .

## I

تارىم دەرياسى تەڭرىتېغىنىڭ قار ـ مۇزلۇقلىرىدىن باشلىنىدىغان ئاقسۇ دەرياسى ، پامىرنىڭ شەرقىدىكى قەشقەر ـ سارىكۆل تاغ تىزمىلىرى بىلەن قاراقۇرۇم تېغىنىڭ چوگورى مۇزلۇقلىرىدىن باشلىنىدىغان يەكەن (زەرەپشاد ) دەرياسى ۋە كوئېنلۇن تېغىنىڭ قار ـ مۇزلۇقلىرىدىن باشلىنىدىغان خوتەن دەرياسىدىن ئىبارەت ئۈچ سۇ مەنبەيىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان . يەكەن دەرياسىنى ئۇنىڭ مەنبەيى دەپ قارىغاندا ، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى

بوركۆلگە قەدەر ئۇزۇنلۇقى 2200 كىلومېتىر كېلىدۇ. بىراق ئادەتتە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان تارىم دەرياسى، بۇ ئاقسۇ دەرياسى، يەكەن دەرياسى خوتەن دەرياسىدىن ئىبارەت ئۈچ دەريانىڭ قوشۇلغان جايىدىن بوركۆلگىچە بولغان بۆلەكنى كۆرسىتىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 1224 كىلومېتىر. تارىم دەرياسىنىڭ گېئولوگىيە تارىخىدا شەكىللەنگەن تىنىملىق تۈزلەڭلىكنىڭ مەيدانى ئىنتايىن كەڭ. ئۇنىڭ دائىرىسى غەربتە ئۈچ دەريانىڭ قوشۇلۇش ئاغزىدىن باشلىنىپ، شەرقىي جەنۇبتا بوركۆل ئەتراپىغا قەدەر سوزۇلىدۇ. شىمالىي تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تاغ ئالدى قىيپاش تۈزلەڭلىكنىڭ جەنۇبىي چېتىنى چېگرا قىلىدۇ، جەنۇبىي تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىدۇ. ئەڭ كەڭ يېرى 100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. دەريا ھاۋزىسىنىڭ مەيدانى 435 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. ئارال سۇ پونكىتىنىڭ ئۆلچىشىگە ئاساسلانغاندا، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى تۆت مىليارد 980 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ.

تارىم دەرياسى ئىككى قىرغىقىدىكى يەر شەكلى ۋە سۇ رايى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يۇقىرى، ئوتتۇرا ـ تۆۋەن ئېقىن دەپ ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. ئارالدىن كۆچانىڭ خادا دۆڭگىچە يۇقىرى ئېقىن، خادا دۆڭدىن لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ چارە دېگەن يېرىگىچە ئوتتۇرا ئېقىن، چارەنىڭ تۆۋىنى تۆۋەن ئېقىن ھېسابلىنىدۇ.

تارىم دەرياسى مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى. ئۇ تارىم ئويمانلىقىدا غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلۇپ، چوڭ سۇ تومۇرىنى ھاسىل قىلىپ، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان تارىمدىكى بوستانلىقلارغا يېشىللىق ھايات چېچەكلىرى بېغىشلاپ كەلدى. تارىم دەرياسى بويلىرى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكى، تارىمدىكى ئەمگەكچان خەلق، تارىم دەرياسىنىڭ ئاساسلىق تارماقلىرىدىن سۇ باشلاپ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق مەشھۇر بوستانلىقلارنى بەرپا قىلغان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭغا بەش ۋىلايەت ـ ئوبلاست 27 ناھىيە، شەھەر، 49 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن ـ مەيدانلىرى ئورۇنلاشقان، سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 20 مىليون مو بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىم ئاشلىق، پاختا، مېۋە ـ چېۋە بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

دەريا ساھىللىرىدا كەڭ كۆلەمدىكى تۈزلەڭلىك ئورمانلىرى، چاتقاللار ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ؛ دەريا بويىدا چىملىقلار ۋە سازلىقلار بار. كونا ـ يېڭى دەريا بويلىرىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئىككى مىليون 622 مىڭ مو توغراقلىق دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تەبىئىي توغراقلىق رايونى بولۇپ، خۇددى يېشىل كارىدورغا ئوخشايدۇ. ئۇ قۇمنى تىزگىنلەپ، بوستانلىقلارنى قوغدايدىغان تەبىئىي توسۇقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا يۇلغۇن، چىم ۋە چاتقاللار قويۇق ئۆسكەن، كۆلىمى 18 مىليون 500 مىڭ مو كېلىدىغان سۇپەتلىك تەبىئىي ئوتلاق بار، بۇ ئوتلاقتا يىرىك چۇپكە ماسلاشقان، ئىسسىققا چىداملىق قاراكۆل قويى قاتارلىق چارۋىلار بېقىلىدۇ. بۇ دەريا ۋادىسىغا نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان بۇغا، ياۋا تۆگە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بىلەن چۆل قۇشلىرى ماكانلاشقان.

تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا 10 — 100 كىلومېتىر كەڭلىكتە كېلىدىغان ھازىرقى زامان تىنىملىق تۈزلەڭلىكى جايلاشقان. بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ 17 مىليون 899 مىڭ موسى تېرىقچىلىق قىلغىلى بولىدىغان بوز يەردۇر. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى

مۇنبەت ، ئۆزلەشتۈرۈشكە قولايلىق . ئازادلىقتىن كېيىن بۇ دەريا ۋادىسىدا 2 مىليون مودىن ئارتۇق يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ گۈرۈچ ، ئۈزۈم تالالىق پاختا ماكانىغا ئايلاندى . بۇ رايوننىڭ تەبىئىي بايلىقىدىن قاراكۆل كۆرپىسى ، چۈچۈكبۇيا مەلھىمى ، قولماق قاتارلىق ئېكسپورت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقارماقتا . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تارىمدا يېڭى گاز - نېفت مەنبەلىرى ئېچىلماقتا ، بۇ زامانىۋى ساناۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئېچىپ بەردى .

## I

تارىم دەريا ۋادىسى ئىسسىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق رايونىغا جايلاشقان . بۇ رايوندىكى قۇملۇق ، چۆل كۆلىمى چوڭ ، هۆل - يېغىن مىقدارى ئاز ، كىلىماتى قۇرغاق ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئاساسى ئاجىز . بۇ يەردىكى بىردىنبىر سۇ مەنبەيى ئېگىز تاغ قار - مۇزلىرىدىن ئېرىگەن دەريا سۈيى ھېسابلىنىدۇ . تارىم دەرياسى سۇ بايلىقى مەزكۇر رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا تەسىر قىلىدىغان يېتەكچى ئامىل . سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىشنىڭ مۇۋاپىق بولۇش - بولماسلىقى بۇ رايوندا ئېگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش - راۋاجلاندۇرالماسلىق ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ياخشى ئايلىنىشنى قوغداپ قېلىش - قالالماسلىقنىڭ ئاچقۇچى .

كىشلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىنسانلارغا بولغان سەلبىي تەسىرىنى تونۇشنىڭ يېتەرسىز بولۇشى ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتىن بۇرۇن ، مەزكۇر ۋادىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق سىستېمىسىنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئومۇمىيۈزلۈك ۋادىنى پىلانلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى ، دەريانىڭ يۇقىرى ، ئوتتۇرا ، تۆۋەن ئېقىنىدا ئىشلەتىلىدىغان سۇنى ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلاشتۇرۇلمىغانلىقى ئارقىسىدا ، قارىغۇلارچە ، پىلانسىز هالقىغان هالدا چوڭ كۆلەملىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش كېلىپ چىققان ، بۇ هال يۇقىرى ئېقىندا نورمىدىن ئاشۇرۇپ سۇ ئىشلىتىش ، ئوتتۇرا ئېقىندا سۇ بىهۇدە ئىسراپ بولۇش ، تۆۋەن ئېقىندا سۇ يېتىشمەسلىكنى ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ياماننلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ، ئېخمۇ ئېغىرى تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىدا سۇ بارغانسېرى ئازىيىپ ، ئېقىن ئۈزۈلۈپ قېلىشتەك ئاقىۋەت كېلىپ چىققان .

60 - يىللاردا تارىم دەرياسىدا ئوتتۇرىچە كېلىدىغان يىللىق سۇ مىقدارى بەش مىليارد 117 مىليون كۇب مېتىر بولغان بولسا ، 70 - يىللاردا تۆت مىليون 668 مىليون كۇب مېتىر ، 80 - يىللاردا تۆت مىليارد 188 مىليون كۇب مېتىرغىچە چۈشۈپ قېلىپ ، 60 - يىللارغا نىسبەتەن 929 مىليون كۇب مېتىر ئازىيىپ كەتكەن .

يەكەن دەرياسىدىن 1978 - يىلىدىن بۇيان ئاساسىي جەھەتتىن تارىم دەرياسىغا سۇ كىرمىگەن . خوتەن دەرياسىدىن پەقەت قىيان مەزگىللىرىدىلا بىر قىسىم سۇ تارىم دەرياسىغا ئېقىپ كەتكەن . لېكىن بۇ سۇمۇ يىلسېرى ئازىيىپ بارماقتا . يىل بويى تارىم دەرياسىغا ئېقىپ كىرىدىغان دەريا پەقەت ئاقسۇ دەرياسىلا بولغان . ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ، ئوتتۇرا ئېقىن بۆلەكلىرىدە سۇ بايلىقىنى ئىسراپ قىلىش مەسىلىسى ئېغىر بولغاچقا ، بۇ ھەم تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا كېلىدىغان سۇ مىقدارىنىڭ جىددىي ئازىيىپ كې-

تىنىشىگە سەۋەبچى بولغان. تارىم دەريا ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 1994 - يىلىدىكى ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1001 كىلومېتىر بولغان تارىم دەرياسى غول ئېقىنىدا ھەر خىل سۇ باشلايدىغان، سۇ قاچىدىغان ئېچىق - ئېغىزلار 138 بولغان، باشلىغان سۇنىڭ ئاز قىسمى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق سۇغىرىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندىن باشقا، كۆپچىلىكى كۆل، سازلىق، ئويمانلارغا يىغىلىپ سىڭىپ، پارلىنىپ يوقالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ سۇ بىلەن باستۇرۇپ سۇغىرىش شەكلى ئارقىسىدا، سۇغارغان سۇنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئىسراپ بولۇپ كەتكەن.

تارىم دەرياسى تۆۋەن ئېقىنىدىكى چارە سۇ پونكىتىنىڭ خاتىرىلىشىگە ئاساسلانغاندا، 60 - يىللاردا بۇ پونكىتتىن ئۆتىدىغان سۇ مىقدارى بىر مىليارد 233 مىليون كۇب مېتىر بولغان بولسا، 70 - يىللاردا ئازىيىپ 670 مىليون كۇب مېتىر بولغان، 90 - يىللارغا كەلگەندە سۇ جىددىي ئازىيىپ 200 مىليون كۇب مېتىرغىچە چۈشۈپ قالغان. كېلىدىغان سۇنىڭ ئازىيىپ كېتىشى بىۋاسىتە ھالدا تۆۋەن ئېقىننىڭ يىلىغا ئوتتۇرىچە 15 كىلومېتىر سۈرئەت بىلەن يۇقىرى ئېقىنغا قاراپ قىسقىرىپ قۇرۇپ بېرىشىغا سەۋەبچى بولغان. بۈگۈنكى كۈندە تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى قارارگاھى تىكەنلىكتىكى داشكۆل سۇ ئامبىرى بولۇپ، يېڭىسۇنىڭ تۆۋىنىدىكى 270 كىلومېتىردىن كۆپرەك ئۇزۇنلۇقتىكى ئاخىرقى بۆلەكتە ئېقىن ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولاي دەپ قالدى. مەيدانى 100 كۋادرات كىلومېتىر بولغان بوركۆلگە ئېقىپ كىرىدىغان سۇ مىقدارىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ئارقىسىدا بوركۆل 1972 - يىلى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتتى. 70 - يىللاردىن ھازىرغىچە، يېڭىسۇنىڭ تۆۋىنىدىكى 270 كىلومېتىر دەريا يولىنىڭ قۇرۇپ قېلىشى ئارقىسىدا، يەر ئاستى سۇ يۈزى 1960 - يىلىدىكى ئىككى مېتىردىن تۆۋەنلەپ، ھازىرقى 16 مېتىرنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كېتىشى ئارقىسىدا، بۇ ھال يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ زور مىقداردا خارابلىشىشى ۋە ھالاك بولۇشىغا سەۋەب بولغان. تارىم دەريا يېشىل كارىدورىنىڭ (توغراقلىقىنىڭ) مەيدانى 60 - يىللاردىكى 810 مىڭ مودىن ئازىيىپ ھازىرقى 200 مىڭ موغا چۈشۈپ قالغان. ھايات قالغان 200 مىڭ مو ئىچىدە %30 تى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان. ئەمەلىيەتتە، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى «يېشىل كارىدور» دەپ ئاتىلىپ شامال توسۇپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرىدىغان، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغدايدىغان تەبىئىي توسۇق ئۆز رولىنى يوقاتماقتا. ئەگەر تېزدىن ئۈنۈملۈك قوغداش تەدبىرى قوللىنىلمايدىغان بولسا، يېشىل كارىدور مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ. توغراقنىڭ زور كۆلەمدە كېسىۋېتىلىشى ۋە قۇرۇپ ھالاك بولۇشى، قۇم - بوراننىڭ ھۇجۇمى تۇپراقنىڭ شورلىشىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆستەڭلەردە سۇنىڭ كەمچىل بولۇشى ئارقىسىدا، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 60 - يىللاردا ئۆزلەشتۈرگەن 400 مىڭ مودىن كۆپرەك دېھقانچىلىق ئېتىزىدىن 200 مىڭ موسى نائىلاج تاشلىۋېتىلگەن. تاشلىۋېتىلگەن يەرنىڭ كۆپچىلىكى كۆچمە قۇم ئاستىدا قالغان. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ بەش تۈەن - مەيدانى يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بەرپا قىلغان سۇنئىي بوستانلىقتىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىزچىللىقىغا كاپالەتلىك

قىلىش تەس بولۇپ قالدى . دەريا هاۋزىلى-
رىنىڭ قۇرۇپ قېلىشى ، يېپىنچا ئۆسۈم-
لۈكلەرنىڭ هالاك بولۇشى ، تېرىلغۇ يەر-
لەرنىڭ تاشلىۋېتىلىشى قۇملىشىشنى ئىل-
گىرى سۈردى ، بارخانلارنىڭ كۆچىيىشى
تېزلەشتى ، كۆچمە قۇملار دېهقانچىلىق ئې-
تىزلىرى ، ئۆستەڭلەر ۋە قاتناش يوللىرى-
غا هۇجۇم قىلىپ تۇردى . تەكلىماكان
قۇملۇقى بىلەن قۇرۇقتاغ قۇملۇقى ئارى-
سىدا ئەڭ يېقىن بولغاندا 2 ـ 3 كىلو-
مېترلا مۇساپە قىلىپ ، بۇ ئىككى چوڭ
قۇملۇق بىر ـ بىرى بىلەن تۇتىشىپ كې-
تىش هالىتىگە بېرىپ قالغان . تارىم دەر-
ياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى تىكەنلىك سۇ-
غىرىش رايونىدا قۇرغاقچىلىق ئىنتايىن
ئېغىر بولغاچقا ، سۇغىرىش رايونىدىكى 18
مىڭ مو ئېهاتە ئورمان بەلۋېغىنى كۆپ
يىللاردىن بۇيان سۇغىرىلماي ، كۆپچىلىك-
كى قۇرۇپ كەتكەن . 218 دۆلەت يولىنىڭ
كورلىدىن چاقىلىقچە بولغان بۆلۈكىدە
100 دىن كۆپرەك بۆلەك كۆچمە قۇم تەرى-
پىدىن بېسىۋېلىنىپ قاتناشقا قىيىنچىلىق
تۇغدۇرغان . دەريا يوللىرىنىڭ قۇرۇپ كې-
تىشى ، سۇ يۈزىنىڭ تۆۋەنلىشى يەنە يەر
ئاستى سۈيىنىڭ مىنېراللىق دەرىجىسىنى
يۇقىرىلىتىۋەتكەن . هازىر «يېڭىسۇ»نىڭ
تۆۋەندىكى رايونلىرىدا يەر ئاستى سۈيىنىڭ
مىنېراللىق دەرىجىسى 2 ـ 10 لىتىر
/گرام ، تەركىبىدىكى فتور مىقدارى يۇقى-
رىلاپ 2.4 لىتىر/ميللىگرامغا يېتىش
بىلەن ، ئادەم هايۋاناتلار ئىچىدىغان سۇ
ئۆلچىمىدىن (بىر لىتىر/ميللىگرام) ئې-
شىپ كەتكەن .

دېمەك ، ناچار تەبىئىي شارائىت
بىلەن ئىنتايىن جاپالىق ئىشلەپچىقىرىش ،
تۇرمۇش شارائىتى ، تارىم بوز يەر ئۆزلەش-
تۈرۈش رايونىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى
بىلەن جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەهدىت سې-
لىپلا قالماستىن ، بەلكى تارىم دەرياسى-
نىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى يېشىل كارىدور-
نىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇهىتىنىڭ ناچارلى-
شىپ ، ئۈزلۈكسىز يامانلىشىشىغا ، يوقى-
لىشىغا سەۋەب بولماقتا .

## I

تارىم دەرياسى تارىم ئويمانلىقىدىكى
هەر مىللەت خەلقىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇ-
رۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا تايىنىدىغان
ئانا دەريا تارىم ئويمانلىقىدىكى هاياتلىق
سۈيى . سۇ بايلىقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش
جەنۇبىي شىنجاڭدىكى هەرقايسى ۋىلايەت ،
ئوبلاست (شەهەر) ، بىڭتۇەننىڭ هەرقاي-
سى دىۋىزىيىلىرىنىڭ 21 ـ ئەسىردە ئىگى-
لىك ، جەمئىيەت تەرەققىياتى ، ئېكولوگى-
يىلىك مۇهىتنى قوغداش ، تارىم ئويمانلى-
قىدىكى نېفىتنى ئېچىش مۇهىتنى ياخشى-
لاشقا قارىتا مۇناسىۋىتى زىچ ، تەسىرى
چوڭقۇر . بۇ خەتەرلىك ئەهۋالنى تۈزەش
تەدبىرى جەهەتتە تۆۋەندىكى بىرقانچە تە-
رەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ .

1 . تارىم دەريا ۋادىسىنى تۈزەشنى
دۆلەتنىڭ چوڭ دەريالىرىنى نۇقتىلىق تۈ-
زەش پىلانىغا كىرگۈزۈش لازىم .

تارىم دەريا ۋادىسىنى تۈزەش جەنۇبىي
شىنجاڭدىكى بەش ۋىلايەت ، ئوبلاست ،
بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيە ،
بىر باشقۇرۇش ئىدارىسىگە چېتىشلىق بول-
غان ، تارىمدىكى نېفىتنى كەڭ كۆلەمدە
ئېچىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ، شىنجاڭ-
نىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى زور تەسىر
كۆرسىتىدىغان ، زور ئىستراتېگىيىلىك
ئەهمىيەتكە ئىگە سىستېما قۇرۇلۇشى .

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى ، بۇنداق زور
ئىشنى يالغۇز تارىم دەريا ۋادىسىنى باشقۇ-
رۇش ئىدارىسىگە تايىنىپ يۈرۈشلەشتۈ-

رۇش تەس . 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايوند-
ىمىزدا تارىم دەريا ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئى-
دارىسى ، 1992 ـ يىلى تارىم دەريا ۋادى-
سىنى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلغان
بولسىمۇ بىراق ، خىزمەتنىڭ قانات يېيىشى
بەك ئاستا . تەدبىر كۈچلۈك ئەمەس ، ئۇ-
نۇم تۆۋەن ، مەبلەغ يېتىشمەيدۇ ، ئىشلەن-
گەن خىزمەتلەر كىشىنى قانائەتلەندۇ-
رۇشتىن ناھايىتى يىراق ، تارىم دەرياسى-
نىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى يېشىل كارىدور
يەنىلا خەۋپ ئىچىدە تۇرماقتا . شۇڭا تارىم
دەرياسىنى تۈزەش قەدىمىنى تېزلىتىش ،
تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، تا-
رىم دەرياسىنى تۈزەش دۆلەتنىڭ چوڭ دەر-
يالارنى تۈزەش پىلانىنىڭ ئىچىگە كىرگۈ-
زۈشكە ، دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئەھ-
مىيەت بېرىپ قوللىشىغا ۋە قوغدىشىغا
مۇھتاج ، بۇ جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتى ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دەرھال گوۋۇيۈەنگە
تەكلىپ سۇنۇشى لازىم ، دەپ قارايمىز .

2 . بىرتۇتاش پىلانلاشنى قاتتىق
ئىجرا قىلىپ ، دەريانىڭ يۇقىرى ، ئوتتۇ-
را ، تۆۋەن ئېقىنى ئوتتۇرىسىدا ئىشلىتىد-
غان سۇ نىسبىتىنى مۇۋاپىق بېكىتىش .

تارىم دەريا ۋادىسىنى تۈزەش شىنجاڭ-
نىڭ سىجىل تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك .
بۇنىڭ ئۈچۈن تارىم دەريا ۋادىسىدىكى ئې-
كولوگىيىلىك كرزىستا بولغان تونۇشنى
ئۆستۈرۈش ؛ تارىم دەرياسىنىڭ ئومۇمىي
ئېقىنىنى بىرتۇتاش ئومۇمىيۈزلۈك تۈزەش
پىلانىنى تۈزەپ چىقىش ؛ سۇ مەنبەسىنى
مۇۋاپىق تەقسىم قىلىشنى ئىچكىرىلەپ تەت-
قىق قىلىش ؛ يۇقىرى ئېقىنىنى تىزگىن-
لەش ، ئوتتۇرا ئېقىنىنى ئۆزگەرتىش ، تۆ-
ۋەن ئېقىنغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش
پرىنسىپى بويىچە بىر قىسىم سۇ قۇرۇلۇ-
شىنى قىلىش . نۆۋەتتە تارىم دەرياسىنىڭ
يۇقىرى ئېقىنىدا سۇنى ھەددىدىن زىيادە
كۆپ ئىشلىتىش ، تەرتىپسىز ئىشلىتىشنى
توختىتىپ ، ئوتتۇرا ، تۆۋەن ئېقىنغا ماڭ-
دۇرىدىغان سۇ مىقدارىنى كۆپەيتىش
لازىم . يۇقىرى ئېقىندا چارۋىچىلىقنى را-
ۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن سۇ مىقدارىنى كۆپەي-
تىش توغرا كەلسە ، ھازىر بار بولغان سۇ
مەنبەسىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش ،
سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆس-
تۈرۈش ، يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش قا-
تارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق ھەل قىلىش لازىم .

ئوتتۇرا ئېقىن تارىم دەرياسىنىڭ سۇ
مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان بىر بۆلەك .
بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ چوڭ دامبىسىدىن
لوپنۇردىكى چارەغە قەدەر بولغان بۇ بۆلەك-
تە سىڭىپ ، پارلىنىپ ئومۇمىي سەرپ بو-
لۇپ كېتىدىغان سۇ مىقدارى ئىككى مىل-
يارد 120 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ ،
ئىقتىسادىي ۋە ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمى
ئىنتايىن تۆۋەن . بۇ مەسىلىنى ھەل قى-
لىشتا چوقۇم ئوتتۇرا ئېقىندىكى دەريا يول-
لىرىنى ئۆزگەرتىش لازىم . ئالدى بىلەن
دەريا ئىككى قىرغىقىدىكى كەلكۈن يار ئې-
لىپ كەتكەن 23 چوڭ سۇ قېچىش ئېغى-
زىنى ئېتىۋېتىش كېرەك . سۇ ئېغىزىنى
ئېتىۋېتىش قۇرۇلۇشى بىرقەدەر ئاسان . 6
ـ ئايدىن بۇرۇن ئەمگەك كۈچىنى مەركەز-
لەشتۈرۈپ تېشىپ كەتكەن قۇملارنى دەريا
قېنىدىن تازىلاپ ئېلىۋېتىپ ، دەريا قى-
نىنى راۋانلاشتۇرۇش ، پىلانسىز قالايمى-
قان ئاچقان سۇ ئېغىزلىرىنى بېيتون بىلەن
ئېتىۋېتىش ، دەريادىكى سۇ تاكى چارەغە
قەدەر ئېقىپ كېلەلەيدىغان بولۇشى لازىم .

شايار چىمەن رايونىدىكى سۇ ئامبار-
لىرى ۋە دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان
سۇنى ئۆگەن دەريا سۇ سىستېمىسىدىن تە-
مىنلەپ ، تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى كۆپ-
رەك تۆۋەن ئېقىنغا ماڭدۇرۇپ تۆۋەن ئې-

قىنىنىڭ ئىشلىتىدىغان سۇيىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم .

تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى سۇ كەمچىل بولغان بۆلەك . بۇ بۆلەكتە ھازىر بار بولغان سۇغىرىش رايون كۆلىمىنى ساقلاپ قېلىش ، تېرىلغۇ يەر مەيدانىنى يەنە كېڭەيتمەسلىك ، ھەمدە دېھقانچىلىق بىلەن ئورمانچىلىقنى بىرگە ئېلىپ بېرىش يۆنىلىشىنى يولغا قويۇپ ، ھەم ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان سۇغا كاپالەتلىك قىلىش ھەم ئېكولوگىيە ئۈچۈن سۇ ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم . نۆۋەتتە تارىم دەرياسى تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنىڭ ئاساسەن كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان جىددىي ۋەزىپە — داشكۆل سۇ ئامبىرى ئارقىلىق تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا 200 مىليون كۇب مېتىر سۇنى ماڭدۇرۇپ ، يوقىلىش گىردابىدا تۇتۇۋاتقان «يېشىل كارىدور»نى قۇتقۇزۇپ قېلىش . ھەر تەرەپلىمە تىرىشىش ئارقىلىق 1995 ـ يىلى يېڭىسۇنىڭ تۆۋەنىگە 28 مىليون كۇب مېتىر سۇنى ماڭدۇرۇپ ، تۆۋەن ئېقىنىنىڭ قۇرغاقچىلىقىنى ئازراق بولسىمۇ پەسەيتىپ ، بىر ياخشى باشلىنىش بولغان ئىدى . تۆۋەن ئېقىنغا سۇ كۆپەيتىشتە يەنە تۆۋەندىكى چارىنى قوللىنىشقا بولىدۇ .

(1) بۇ بۆلەكتىكى لوخولۇق كۆلى — چاياڭ دەرياسى بىلەن ئوسمان دەرياسىدىن سۇ يىغىلىدىغان بىر ئويپاتلىق . ئۇ لوپنۇر ناھىيىسى تارىم يېزىسى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ ، مەيدانى 700 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ . ھەر يىلى 8 ـ 9 ـ ئايلاردا توپلىنىدىغان سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتىرغا بارىدۇ . بىر يىل ئىچىدە تۆت ، بەش ئاي سۇ بولىدۇ . ئۇنىڭ ئاياغ چېتىدىكى كونا دەريا قىنىنى يۇرۇشلەشتۈرۈپ ، تارىم دەرياسى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن داشكۆل سۇ ئامبىرىغا ئاققۇزۇشقا ئارقىدىن سۇ ئامبىرىنىڭ توسمىسىنى ئېچىپ ، سۇنى تارىم دەرياسىنىڭ كونا دەريا قېنىنى بويلىتىپ ئازغانغا ئاققۇزۇشقا بولىدۇ .

(2) كورلا رايونىدا كۆپرەك مول بولغان يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىپ ، كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيىنى تارىم غول ئۆستىڭى ئارقىلىق چارە سۇ ئامبىرىغا ئاققۇزۇشقا بولىدۇ .

(3) ھەر يىلى 8 ـ 9 ـ ئايلاردىن ئىككىنچى يىلىنىڭ 2 ـ ئايغىچە قەدەر ئاقسۇپى سازلىقىدىكى سۇنى كورلا ـ تارىم غول ئۆستىڭىگە ئاققۇزۇپ ، چارە سۇ ئامبىرىغا كىرگۈزۈشكە ، ئۇنىڭدىن كېيىن ناشىڭ دەرياسىنى بويلاپ يېڭىسۇغا قويۇپ بېرىشكە ، ئاخىرىدا تارىم دەريا كونا قېنىغا ئاققۇزۇپ ، ئارغانغا ئاپىرىشقا بولىدۇ .

3 . مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇش ، قانۇن بويىچە سۇ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش .

نۆۋەتتە ، تارىم دەرياسىنى باشقۇرۇش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر بىر قەدەر كۆپ ، ئاساسىي ئىپادىسى قانداق قىلىپ ۋىلايەت بىلەن ۋىلايەت ، يەرلىك بىلەن بىڭتۈەن تارماق بىلەن تارماق ئوتتۇرىسىدىكى سۇ ئىشلىتىش مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇش ، ئېچىش بىلەن قوغداش ، قىسمەنلىك بىلەن ئومۇمىي گەۋدە ، كۆز ئالدىدىكى بىلەن كەلگۈسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش ، ۋىلايەتلەر ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇپ ، ھەركىم ئۆزى بىلگىنىچە ئىشلەش ، ئۆز رايونىنىڭ مەنپەتى بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش ، ۋىلايەت بويىچە باشقۇرۇشتىن پۈتۈن ۋادا بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆتۈش ، دەريا ۋادىسىنى بىرتۇتاش باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم .

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى

تارىم دەرياسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ
تارىم دەرياسىنى بىرتۇتاش باشقۇرۇش نو-
پۇزىنى كۈچەيتىشى ئۇنى مەمۇرىي هوقۇققا
ئىگە بولغان باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا ئايلان-
دۇرۇپ، ئۇنىڭ تارىم دەريا ۋادىسىنى ئو-
مۇمىيۈزلۈك ئاشۇرۇش فۇنكسىيىسىنى كۈ-
چەيتىش لازىم.

قانۇن بويىچە تۈزەش — تارىم دەريا-
سىنى باشقۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كو-
مىتېتى، خەلق هۆكۈمىتى مەخسۇس
قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىپ، ياكى
بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، تارىم دەرياسىغا قا-
رىتا قانۇن بويىچە تۈزەش ۋە باشقۇرۇشنى
ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئالدى بىلەن «تا-
رىم دەرياسى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نى-
زامى»نى تۈزۈپ چىقىشى، تارىم دەريا
باشقۇرۇش ئىدارىسى تۈزۈلگەن قانۇن -
نىزام ئارقىلىق تارىم دەرياسىنىڭ ئومۇمىي
ۋادىسىدىكى دەريا يوللىرىنى باشقۇرۇش،
سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى باشقۇرۇش، سۇ ئىش-
لىتىشنى باشقۇرۇش قاتارلىق سۇ مەمۇرىي
باشقۇرۇش هوقۇقىنى هەقىقىي هالدا يۈر-
گۈزۈشى لازىم. ئالدى بىلەن خوتەن دەريا-
سى، يەكەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى قا-
تارلىق هەرقايسى مەنبەلەردىن يىلىغا كې-
لىدىغان سۇ مىقدارىنى قانۇن بويىچە نازا-
رەت قىلىش، 2 - دىن تارىم دەريا غول
ئېقىمىغا قارىتا قانۇن بويىچە سۇ باشلاش،
سۇ ئىشلىتىشنى بىرتۇتاش باشقۇرۇش؛
تەدرىجىي هالدا سۇ قانۇنى بويىچە قانۇن -
نىزاملارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى
تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش؛ سۇ بايلىقى
ئۈستىدە كۆرسىتىلگەن تالاش - تارتىش،
ماجىرالارنى ئۆز ۋاقتىدا قانۇن بويىچە ئاش-
كارا كېلىشتۈرۈش ۋە بىر تەرەپ قىلىش؛
دەريالاردىن خالىغانچە ئېغىز ئېچىپ سۇ
باشلاش، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىغا
بۇزغۇنچىلىق قىلىش قاتارلىق قانۇنغا خى-
لاپ قىلمىشلارغا قارىتا ئۆز ۋاقتىدا قانۇن
بويىچە كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش، سۇ
قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتا كۆزگە كۆرۈنەر-
لىك تۆھپىسى بولغان ئورۇن ۋە شەخسلەر-
نى تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش لازىم.

4. تەشۋىقىي تەربىيىنى كۈچەيتىش،
تونۇشنى ئۆستۈرۈش، رادىئو - تېلېۋىزى-
يە، سۈرەتلىك ماتېرىيال، هەر خىل
كۇرسلار ئارقىلىق دەريا بويلىرىدىكى يەر-
لىك ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى، ئامما
ۋەكىللىرىنى سۇ قانۇنىنى ئۆگىنىشكە
تەشكىللەش، نەق مەيدانغا بېرىپ تارىم
دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك هالىتىنى
كۆزدىن كەچۈرۈش، شەھەر، جىڭلارنىڭ
كۆزگە چېلىقىدىغان ئورۇنلىرىغا ئىقتى-
سادچىللىق بىلەن سۇ ئىشلىتىش توغرى-
سىدىكى تۈراقلىق لوزۇنكىلارنى ئېسىش،
ناهىيە - شەھەرلەر ئاچقان پارتىيە قۇرۇل-
تىيى خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش
يىغىنلىرىدىن پايدىلىنىپ سۇ قانۇنىنى
تەشۋىق قىلىش، تارىم دەريا ۋادىسىنى باش-
قۇرۇش بىلەن تۈزەش، ئېكولوگىيىلىك
مۇهىتنى قوغداش بىلەن بايلىقلارنى ئې-
چىشنىڭ هەر مىللەت خەلقىنىڭ كېيىنكى
ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىشىدىن ئىبارەت
چوڭ ئىش ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىش
لازىم. رەهبىرىي كادىرلاردىن يۇقىرى،
تۆۋەن ئېقىن ئوتتۇرىسىدىكى تەڭ ئېتىبار
بېرىش ئومۇملۇق قارىشىنى تۇرغۇزۇش،
تار مەهكىمىچىلىكنى تۈگىتىش، پىلان بى-
لەن سۇ ئىشلىتىش ئاممىۋى سۇ ئىشلى-
تىش، ئىقتىسادچىللىق بىلەن سۇ ئىشلى-
تىش ئاڭلىقلىقىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى
كۈچەيتىش لازىم. هەر مىللەت ياش -
ئۆسمۈرلىرىگە تارىم دەرياسىنى تونۇش،
تارىم دەرياسىنى سۆيۈش، تارىم دەرياسى-
نىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇهىتىنى قوغداش

تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلاردا كىچىكىدىن باشلاپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش خىسلىتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم.

5. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش. مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، مۇددەت بويىچە يىغىن چاقىرىپ، تارىم دەريا ۋادىسىنى تۈزەش خىزمىتىنىڭ كېتىپ بېرىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم قىلىپ، خىزمەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى راۋانلاشتۇرۇش لازىم. نۆۋەتتە، جىددىي سۇ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بېرىلىدىغان خىراجەتنىڭ ۋاقتىدا ئەمەلىيلىشىپ، قۇرۇلۇشنىڭ ۋاقتىدا پۈتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. مالىيە - پىلان ئورۇنلىرى تارىم دەريا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ نورمال خىراجىتىنى ھەر يىللىق پىلان ئىچىگە كىرگۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىشى لازىم.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى)

2000 - يىل 8 - ئاپرېل

## ماقال - تەمسىللەر*

△ ساقلانساڭ ساقلايمەن،
ساقلانمىساڭ ئوتقا تاقلايمەن.

△ سايىگە قاراپ تون پىچما.

△ سۇلايمان ئۆلدى، دىۋىلەر قۇتۇلدى.

△ تۈلكە ئىنىگە قاراپ ھۈرسە قوتۇر بولىدۇ.

△ خان بار يەردە قان بار،

△ ئىچى تارنىڭ ئىشى تار.

△ بىر يامان ئەنجۈر كېسەر، ئىككى يامان زەنجىر.

△ دۈشمەن سېنى تونۇشتىن بۇرۇن،
سەن دۈشمەننى تونۇغىن.

△ ئىشى بارغا بىر كۈن ھېيت،

△ ئىشى يوققا ھەر كۈن ھېيت.

△ ھاي - هاي سېنىڭ يۈرۈشۈڭ،
باردۇر سېنىڭ بىر ئىشىڭ.

△ دۈشمىنىڭ ئاجىز بولسا دىيانەت سورىما.

△ ھەركىم ئۆز غېرىچى بىلەن ئۆلچەر.

△ تورقى بۇزۇقتىن، خۇلقى بۇزۇق يامان.

△ ئايال ئەردىن چىققان ئەمەس — ئەركەك بالىسى،
ئەركەك كۆكتىن چۈشكەن ئەمەس — ئايال بالىسى.

△ ئەيىبسىز يەر ئىزدىگەن يەرسىز قالار.

△ ئۆمۈر ئۆزىدى، ھۆسن توزىدى.

△ پەرزەند - جانغا پايىبەند.

△ ئۆز قەدرىنى بىلگەن سۆز قەدرىنى بىلەر.

△ ھەزىلدىن زىل چىقار زىلدىن زىلزىلە.

△ هاراق ئىچسەڭ مەست قىلۇر،

△ ئەخمەق بىلەن دوست قىلۇر.

△ ئاڭقاۋ بولغان كىشىنىڭ،
مەززىسى يوق ئىشىنىڭ.

△ كۆرەلمەسكە جەننەتمۇ تار كۆرۈنىدۇ.

* ئۆزبېكچە «ھېكمەتنامە»دىن ئېلىندى

# ئاپاق خوجىنىڭ شەرق سەپىرى ھەققىدە

قۇربان تۇران
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى)

ئىسمائىل خان قارا تاغلىقلارنىڭ يو-
لىشى بىلەن يەركەن خانلىقىنىڭ تەختىگە
چىققاندىن كېيىن ، ئاق تاغلىقلارنىڭ دى-
نىي داھىيسى ئاپاق خوجا قاتتىق تەقىب
ئاستىدا 1670 - يىلى 4 - ئايدا خانلىق
چېگرىسىدىن قېچىپ چىقتى .

ئاپاق خوجىنىڭ مۇشۇ قېتىملىق قاچ-
قۇنلۇقتىكى پائالىيىتى توغرىسىدا ئىلىم
ساھەسى «ئاپاق خوجا خاساغا بېرىپ دالاي
لامادىن مەدەت تىلىگەن ۋە ئۇنىڭ تونۇشتۇ-
رۇش خېتىنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئى-
لىدىكى جۇڭغارلارنىڭ ئاقساقىلى غالدان
قوشۇن تارتىپ بېرىپ ، يەكەن سەئىدىيە
خانلىقىنى ھالاك قىلغان» دەپ قاراپ كەل-
دى ۋە بۇنى مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ
«تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق ئەسىرى
ئارقىلىق دەلىللەشكە بولىدىغانلىقىنى تە-
كىتلەپ كەلدى . ئەمما مۇھەممەد سادىق
كاشغەرىنىڭ ئەسىرىنى ۋاراقلاپ كۆرسەك
ئەمەلىي ئەھۋالدا مۇئەييەن پەرق بارلىقىنى
بايقايمىز .

مۇھەممەد سادىق كاشغەرى ئاپاق خو-
جىنىڭ يەكەن خانلىقى تەۋەسىدىن قېچىپ
چىققاندىن كېيىنكى ئەھۋالى توغرۇلۇق
مۇنداق دەيدۇ : «ئىسمائىل خان كاشغەر-
دىن ھەيدەپ چىقارغاندا خۇاجە ئاپاق غوجام
خىراج قىلىپ شەھەر - بىشەھەر يۈرۈپ ،
كەشمىر ئارقالىق ئۆزلەرى چىن مەملىكە-
تىگە چۈشتى . ئاندىن جو دېگەن يۇرتقا با-
رىپ ، بۇتخانەگە چۈشتى . چىن دىنسىزلا-
رىدىن بىراھمانلار بار ئېردى . رىيازەت بى-
لەن ھاسىل قىلغان ئىستىدراتىنى كۆرسە-
تىپ ، فەن ئارقالىق دىنسىزلارنىڭ دىنى-
دىن يانغانلارنى پاش قىلدى . بىر ئىبادەت-
خانەسى بار ئېردىكى ، بارچە دىنسىزلار
ئاندا يىغىن تۈزەتتى . مەجلىستە (ئاپاق
خۇاجە ) ئۇلارنىڭ بارچە كارامەتلەرىنى
يەكسان قىلدى . بۇ دىنسىزلار ھەيران قال-
دىكى : (كىمدۇرسىز ؟ قايسى تەرەفتىن
كېلۇرسىز ؟ ) دەپ سوئاللار قويدىلەر .
ھەزرەت ئايتتىلەر : (مۇسۇلمان فىرقەلە-
رىنىڭ ئالىم - سەئىزادەسىدۇرمەن . خۇ-
سۇسەن ياركەند ، كاشغەر خەلقى مۇرد -
مۇخلىسىم ئېردى . ھالا بۇ شەھىرلەرنى
بىراۋ مەندىن سويۇپ ئالدى ۋە مېنى قوغلا-
پ چىقاردى . سىزدىن ئىلتىماس قىلادۇر-
مەنكى كىشى بۇيرۇپ مېنىڭ يۇرتۇمنى قو-
لۇمغا ئالىپ بەرگەيسىز !) بىراھمان
ئايتتى : (بۇ يەردىن ئۇ يەرگە لەشكەر
بارماقى دىشۋار) دەپ قالماققا خەت پۈتتى :
(ئى بىشەۋكەتى خان ! ئاپاق بىسيار ئۇ-
لۇغ ، ئۆز دىنىدا كامىل - مۇكەممەل كى-
شىدۇر . ئۇ كاشغەر ، ياركەندنىڭ خۇاجە-
سى ئىكەن . ئىسمائىل خان دېگەن كىشى
ئۇنىڭ يۇرتىنى سويۇپ ئالىپتۇ . كېرەك-
كى ، لەشكەر ئىبەرتىپ يۇرتىنى قولىغا
ئالىپ بەرگەيسەن ۋە ئەگەر سەۋەب قىلما-
ساڭ مۇشكۇل بولغۇسىدۇر) . خۇاجە ئاپاق
بۇ خەتنى ئالىپ قالماق تۆرەسىگە يەتكۈز-
دى . تۆۋە كامال - تەۋززۇ بىلەن خەتكە

ئەمەل قىلىپ ، ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن كاشغەرگە يۈزلەندى... »①

مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ بۇ بايانلىرىدىكى «چىن» ، «جۇ» ، «بىراھمان» دېگەنلەر ئېنىقسىز ئاتالغۇلار سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن بولغاچقا ئۇنى ئىلمىي يوسۇندا ئېنىقلاش ئىشىنى چوقان ۋەلىخانوف تۇنجى بولۇپ ۋۇجۇدقا چىقاردى . مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ ۋاپاتىدىن سەل كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدە زىيارەت بىلەن مەشغۇل بولغان بۇ كىشى «1858 — 1859 - يىللاردىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى» ناملىق تەكشۈرۈش دوكلاتىدا مۇنداق بىر ئېنىقلىمىنى ئوتتۇرىغا قويىدى : «قەشقەر خانى ئىسمائىل قارا تاغلىقلارنىڭ سادىق مۇرتى بولغاچقا ئاپاق خوجىنى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلدى . مەزكۇر خوجا كەشمىرگە بېرىپ ، ئۇ يەردىن تىبەتكە كىردى ۋە دالاي لامانى تاۋاپ قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىۋالدى . دالاي لاما ئۇنى بىر پارچە مەكتۇپ بىلەن جۇڭغارلارنىڭ خۇنتەيجىسى غالداننىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى . بۇ مەكتۇپتا ئاپاق خوجىنىڭ كاشغەردىكى ئورنىنى تىكلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنغانىدى . غالدان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 1978 - يىلى كىچىك بۇخارانى ئىگىلىدى ۋە ئاپاق خوجىنى نائىب قىلىپ تىكلىدى ، يەكەننى ئۇنىڭغا پايتەخت قىلىپ بەردى . قەشقەردىكى خاننى بالا - چاقىلىرى بىلەن قوشۇپ ئەسىر ئالدى ۋە ئىلىغا ئەپكېتىپ مۇسۇلمانلار شەھىرى بولغان غۇلجىغا ئورۇنلاشتۇردى »② .

چوقان ۋە لىخانوفنىڭ يۇقىرىقى دوكلاتى 1861 - يىلى پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جون . مىكېل ۋە روبېرت مىكېل قاتارلىقلار ئۇنى دەرھال ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ 1865 - يىلى رەسمىي ئېلان قىلغاندىن كېيىن بۇ قاراش ئىلىم دۇنياسى تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىندى .

مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ ئەسىرىنىڭ ئىزاھلىق ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن ن .ئېلىياسنىڭ پىكرىچە «چوقان ۋەلىخانوف بۇ خىل ئېنىقلىمىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا جەزمەن ‹ تەزكىرەئى جوجىگان› دىن پايدىلانغان ، ئەمما ئۇنىڭ نېمىگە ئاساسەن جو دېگەن يۇرتنى تىبەت دەپ مۇقىملاشتۇرغىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ . شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بۇ خىل پىكرى توغرا بولۇشى مۇمكىن ، ئۇنى ھەتتا پۈتۈنلەي ئىشەنچلىك دېگىلىمۇ بولىدۇ ، چۈنكى ئەينى دەۋر شارائىتىدا بىرمەھەل ئوتتۇرا ئاسىيانى لەرزىگە كەلتۈرگەن جۇڭغارلارنىڭ ئاقساقىلىغا ئاشۇنداق بۇيرۇق خاراكتېرلىك مەكتەپ يازالايدىغان كىشى غالداننىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى دىنىي ئۇستازى بولغان دالاي لامادىن باشقا ئادەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» ئىدى③ .

چوقان ۋەلىخانوف ئەينى دەۋردە ئۆزىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ باشقا تارىخشۇناسلار كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان تارىخىي قوليازمىلارنى ئوقۇپ چىققان بولۇشى مۇمكىن ، ئەمما ئۇ بۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق ئەسكەرتىش بەرمەيدۇ . ئەمما XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى يېزىلغان «تەزكىرەئى ئەزىزان» ۋە «تەزكىرەئى ئاپاق خۋاجە» قاتارلىقلاردا يۇقىرىقىلاردىن سەل باشقىچە مەزمۇندىكى ئەھۋال خاتىرىلىنىدۇ . «تەزكىرەئى ئەزىزان»دا : «ئاپاق خۋاجە لەنجۇ ۋىلايىتىگە بارغاندىن كېيىن بۇرۇلۇپ سالا يۇرتىغا باردى . ئاندىن سىچۈەن دېگەن يەر بىلەن تىبەتكە كىردى . ئۇ يەردە دالاي لاما بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭغا ئىلتىماس سۇندى . ئۇ-

نىڭدىن مەكتۇپ ئالغاندىن كېيىن ئاپاق خۇاجە ئىلىدىكى قالماق خانىنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى »④ دەپ خاتىرىلەنگەن . «تەزكىرەئى ئاپاق خۇاجە»دا بولسا ئاپاق خوجىنىڭ لەنجۇغا بېرىپ سالالار يۇرتىغا كىرگەنلىكى ، بۇ يەردىن سۇجۇ ۋىلايىتىگە بېرىپ شۇ يولدىن بېيجىڭغا بارغانلىقى ۋە بېيجىڭ خانىنىڭ قالماقلارغا يوللىغان مەكتۇپىنى ئېلىپ قايتقانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ قوشۇن چىقىرىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى ئىگىلىۋالغانلىقى ئېيتىلىدۇ⑤ . ئۆز ـ ئۆزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى ، «تەزكىرەئى ئاپاق خۇاجە»دىكى بېيجىڭغا بېرىپ خان بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئۇنىڭ جۇڭغارلارغا يوللىغان مەكتۇپىنى ئېلىپ قايتىش ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇماتلار پۈتۈنلەي تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ يېزىلغان .

ئەمما شۇنىمۇ كېسىپ ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى ، «تەزكىرەئى ئەزىزان» ۋە «تەزكىرەئى ئاپاق خۇاجە»دىكى «كاشغەردىن گەنسۇ ـ چىڭخەي تەۋەسىگە كىرىپ بۇ جاي ئارقىلىق تىبەتكە بارغان» دېگەن مەزمۇن بەزى دەلىللەرگە ئىگە : چىڭخەي ـ گەنسۇ تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلار (ئاسانخۇيزۇلار ) مەزھەبلىرى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، 1671 — 1672 ـ يىللىرى ئاپاق خوجا كاشغەرىيەدىن لەنجۇغا كېلىپ چىڭخەيگە كىرگەن ، بولۇپمۇ ھازىرقى شىنجاڭ ، خۇاڭجۇڭ ئەتراپلىرىدا مۇرت توپلاپ ۋەز ـ تەبلىغ بىلەن مەشغۇل بولغان ، گەنسۇ ۋە نىڭشىيادىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغان⑥ .

ئومۇمەن ، ئاپاق خوجىنىڭ شەرق سەپىرى توغرىسىدا مۇتلەق ئىشەنچلىك ۋە ئېنىق خاتىرە بولمىغانلىقتىن XIIV — XXI ئەسىردىكى شىنجاڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات يۈرگۈزگۈچى جۇڭگو ـ چەت ئەل ئالىملىرى كۆپىنچە چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ئېنىقلىمىسىنى قوبۇل قىلىپ كەلمەكتە . شۇڭا بۇ مەسىلە ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ، تېخىمۇ ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىم بېرىش مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە ، دېيىشكە بولىدۇ .

ئىزاھلار :

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرى : «تەزكىرەئى ئەزىزان» («تەزكىرەئى خوجىگان» بولۇشى كېرەك ) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى 48 ـ 50 ـ بەتلەر .

② «چوقان ۋەلىخانوف تاللانما ئەسەرلىرى» I توم 127 ـ بەت . ئالمۇتا 1985 ـ يىل (رۇسچە نەشرى )

③ «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچىدىن ئىشلەنگەن خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ كىرىش سۆزى — «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمە ماقالىلەر توپلىمى» VII توم . 1980 ـ يىل . 59 ـ بەت .

④ «تەزكىرەئى ئەزىزان» — «شىنجاڭدىن تەتقىقاتىغا ئائىت ماتېرىياللار» 16 ـ توپلام . 1986 ـ يىل . 13 ـ 14 ـ بەت .

⑤ «تەزكىرەئى ئاپاق خۇاجە» — «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تارىخىغا ئائىت تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى» 4 ـ توپلام 84 ـ 85 ـ بەت . 1985 ـ بەت .

⑥ ماتوڭ : «جۇڭگو ئىسلام دىنىدىكى مەزھەبلەرنىڭ مەنبەسى ھەققىدە تەتقىقات» نىڭشىيا خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل نەشرى . 130 ـ 135 ـ بەتلەر .

# شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر مائارىپچىلىرى

غەيرەتجان ئوسمان

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگو دەۋرى (1911 — 1994) دىكى شىنجاڭ مائارىپ ساھەسىدە، مائارىپ ئاقارتىش ئىشلىرىنى قوللىغان، مەكتەپ ئاچقان ۋە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر.

△ راشىدىن مەنسۇر. 1940 - يىللىرى غۇلجىدىن رۇسىيىنىڭ يەتتە سۇ تەۋەسىگە چىقىپ، پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىدىكى مەرىپەتپەرۋەر يۇرت چوڭلىرىنىڭ ۋە يېڭىلىق تەرەپدارلىرىنىڭ قوللىشى ۋە ئىلھام بېرىشى بىلەن «بەيتۇللا مەدرىسى» گە ئورۇنلىشىپ، يۇقىرى يىللىق تالىپلارغا ئانا تىل بىلەن ھېساب دەرسى ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىلىدا تۇنجى قېتىم پەننىي دەرس ئۆتكەن مۇئەللىم بولۇپ قالغان. بۇ ئىلى تارىخىدا كونىلىقتىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، يېڭىلىققا قەدەم قويۇپ، پەننىي مائارىپنى باشلىغان، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان دىللارغا مەرىپەت ئۇچقۇنلىرىنى چاچقان، دەسلەپكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرى بولۇش بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغۇسىدۇر.

△ مۇسا ھاجىم (1809 — 1895) قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە ئۇستىنئاش يېزىسىدا تۇغۇلغان. تىجارەت بىلەن تېز بېيىغان. ياۋروپاغا بېرىپ، تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىش جەريانىدا بەزى يېڭى تېخنىكىلاردىن خەۋەردار بولغان. ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى قۇرغان. ئۇ ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش لازىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. ئوغۇللىرى، ھۈسەيىنباي، باھاۋۇددىنبايلارغا: «مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتۇڭلار، خىراجىتىنى زاكاتتىن چىقىرىڭلار، يەتمىسە ئومۇمىي ئىقتىسادتىن ئاجرىتىڭلار...» دەپ ۋەسىيەت قىلىدۇ ھەم «بايلىقنىڭ بىر قىسمىنى ۋە ئۆشرە - زاكاتنى مەكتەپ ۋە مەدرىسكە تەسەررۇپ قىلىش زۆرۈرلۈكى» توغرىسىدا ۋەسىيەت قالدۇرىدۇ.

△ ھۈسەيىنباي (1844 — 1924)، باھاۋۇددىنباي (1851 — 1928) لار، بۇلار قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئۇستىنئاش بەگلىكى (يېزىسى) دىن بولۇپ، 1870 - يىلى ئىلى «بەيتۇللا مەدرىسى» ۋە «قەشقەر خانلىق مەدرىسى» دە يېڭىچە پەننىي ئوقۇتۇشنى تەشەببۇس قىلغان. 1885 - يىلى ئۇستىنئاشنىڭ ئىكساق كەنتىدە مەخسۇس پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، «ھۈسەيىنىيە مەكتىپى» دەپ ئاتىغان. ئۇلار 1905 - يىلى ھازىرقى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنىدا «ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپى»نى قۇرۇپ، 160 نەپەر بالىنى تەربىيىلەشكە تاللىغان.

1907 ـ يىلى ئېكساقتا ، «ھەبىبزادە دا-
رىلمۇئەللىمىن» مەكتىپىنى قۇرۇپ چىق-
قان . بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار يۇقىرىقىلاردىن
باشقا يەنە 1899 ـ يىلى ئىلىدا يېڭىچە
پەننىي مەكتەپ «ھۇسەيىنىيە مەكتىپى»
نى قۇرغان .
مۇشۇ مەكتەپلەرنىڭ ئىلھامى بىلەن
ئىلىدا 1911 ـ يىلى «بەشەرىيە» ، «تىنۇ-
رانىيە» ، «سايرامىيە» مەكتەپلىرى ،
1916 ـ يىلى «نۇر مەكتىپى» ، «ئەلا
بايقۇرا مەكتىپى» 1924 ـ يىلى «دەر-
نەك» مەكتىپى ، 1925 ـ يىلى «كەشپىيە
مەكتىپى» ، 1928 ـ يىلى «مۇراد مەكتى-
پى» قاتارلىق مەكتەپلەر قۇرۇلغان . بۇ
مەكتەپلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ،
مىنگونىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا شىنجاڭدا
مىللىي مائارىپنىڭ يۈكسىلىشىگە قارىتا
تۈرتكىلىك رول ئوينىغان .
△ روزى ئىسلام ئوغلى ئابلا ئىمام
(1939 — 1929 ) قەشقەر بەشكېرەم
قازئېرىق كەنتىدىن . «قەشقەر خانلىق
مەدرىسى»نى تاماملىغان . شۇ چاغدىكى
سىياسىي ۋە ھەربىي ئېھتىياج تۈپەيلى-
دىن ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار-
دىن بولغان دادىسى روزى ئىسلامنىڭ ئو-
رۇنلاشتۇرۇلۇشى بويىچە 1870 ـ يىلى
قازئېرىق كەنتىدە «قەشقەر مىرزا يېتىش-
تۈرۈش مەكتىپى»نى قۇرۇپ ، خەت ـ
چەك ھۆججەت ۋە ئاخبارات تەييارلايدىغان
مىرزىلارنى (كاتىپلارنى ) يېتىشتۈرگەن
ۋە مەكتەپتە پەننىي دەرسلەر ئۆتۈشنى يول-
غا قويغان .
△ مىرزاقان (قازاق ) . 1870 ـ
يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسىدە ئەرەب ، پارس
تىلىنى ئاساس قىلغان بىر دىنىي مەكتەپ
ئېچىپ ، ناھىيە دائىرىسىدە ھەربىر ئاۋۇل-
دىن ئوقۇغۇچى يىغىپ ، قازاق بالىلىرىغا
ئەرەب ، پارس تىلى ۋە ئىسلام دىنى قائى-
دىلىرىنى ئاساسلىق دەرسلىك قىلىپ ئو-
قۇتقان .
△ قاسىم ھاجىم خەلپىتىم (1861
— 1978 ) . قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ
يېزىسىدىن . 1890 — 1886 ـ يىللىرى
قەشقەر شەھىرىدىكى خاتىپئاخۇن خەلپى-
تىمنىڭ مەدرىسىدە ئوقۇغان . ئاندىن ئۆز
مەھەللىسىدىكى بىر مەسچىتتە مەكتەپ
ئېچىپ ، بەش ياشتىن ئون ياشقىچە بولغان
بالىلارنى يىغىپ ، دىن دەرسى بەرگەن . ئۇ
ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا باشقا خەلپەت
مۇددەرىسلەرنىڭ ئوقۇتۇشىغا قارىغاندا بە-
زى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان . بۇنىڭ
بىلەن ئۇنىڭ مەدرىسىدە ئوقۇغان بالىلار
بىر يىل ئىچىدىلا خەت يازالايدىغان ۋە ئو-
قۇيالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن . بۇنىڭ بى-
لەن ئۇنىڭ ئابرۇيى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن .
قاسىم ھاجىم ئوقۇتۇشتا يەنىمۇ ئىلگىرى-
لىگەن ھالدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ، ئو-
قۇغۇچىلاردىن ئايلىق ، مەۋسۇملۇق ، يىل-
لىق ئىمتىھانلارنى قاتتىق ئېلىپ تۇرغاز-
لىقتىن ، ئوقۇش تاماملىغان ئوقۇغۇچىلا-
رنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئاش-
قان . 1895 ـ يىلى قەشقەردىكى مەرىپەت-
پەرۋەر زات مۆيدىنجان باي ئۇنى قوللاپ ،
مەكتەپتە ئۆي يېتىشمەسلىك مەسلىسىنى
ھەل قىلىش ئۈچۈن ، «خوجا چوڭنىڭ
قۇملۇقى» دېگەن يەرنى مەكتەپكە ۋەخپە
قىلىپ بەرگەن بۇ جايدا 5 ئېغىزلىق مەك-
تەپ سېلىنغان . ئۇ ، بۇ مەكتەپتە دىن
مەدرىسىدىن باشقا يەنە ھېساب ، تەبىئەت ،
تەنتەربىيە ، ناخشا قاتارلىق دەرسلەرنىمۇ
ئۆتكەن . ئوقۇتقۇچىلار قوشۇننى كېڭەيت-
كەن . كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ مەكتەپلەردە
ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەيدىغان كۇرس ئېچىل-
غان . تەبىئەت دەرسىدە نەزەرىيە ئۆگىنىش
بىلەن بىرگە ئەمەلىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللان-
غان . بوز يەر ئېچىپ تۈرلۈك زىرائەتلەر-
نى تېرىغان . ئالغان مەھسۇلاتلار ئارقى-
لىق ، قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا

ياردەم بېرىلگەن . 1910 ـ يىلىغا كەلگەندە ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىدا چوڭ بۇرۇلۇش بولۇپ ، پەننىي دەرسلەرنى ئوقۇشنىڭ سالمىقى ئاشقان . 1935 ـ يىلىغا كەلگەندە ، ئوقۇغۇچى سانى كۆپىيىپ ، 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ھەر يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان بولغان . شاگىرت ، مۇئەللىملەر سانى 150 نەپەردىن ئاشقان . 1953 ـ يىلىغىچە مائارىپ سېپىدە داۋاملىق ئىشلىگەن .

△ مۇھەممەد سالى شاڭيو ، مۇھەممەدئەلى شاڭيو قەشقەر شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەردىن بولۇپ ، ئۇلار 1874 ـ يىلى ھازىرقى موفاڭ كومتىيت توختى مىراخور مەھەللىسىدە بىر مەكتەپ قۇرۇپ ، چىقىملىرىنى ئۆزلىرى چىقىرىپ ، داڭلىق مۇددەرىس ئىمىنئاخۇن خەلپىتىمنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان . ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كۆپىيىپ ، مەكتەپ ئورنى تارلىق قىلغان . 1909 ـ يىلىغا كەلگەندە ، يول ئۈستىنى يېپىپ ، مەكتەپ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ، ئىككى قەۋەتلىك مەكتەپ ياساپ ، ياۋروپا پاسونىدا پارتا ،ئورۇندۇق ، دوسكا ئورنىتىپ ، يېڭى مەكتەپكە ئايلاندۇرغان . شۇ يىلى بۇ مەكتەپكە 400 دىن كۆپرەك بالا قوبۇل قىلىنىپ ، ساۋاق بېرىلگەن . مەكتەپكە قودۇق قېزىپ سۇ چىقىرىلغان . ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نىزامى ، ئوقۇش باشلاش ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ، ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈملىرى بېكىتىلگەن .

△ راھىلە خانىم مۇھەممەدقىزى (1860 — 1917) . «ھۈسەينىيە مەكتەپى»نىڭ تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچىسى بولغان .

△ ئابدۇقادىر داموللام بىننى ئابدۇۋارىس كاشغەرى (ئەزىزى ، 1862 — 1924) ئاستىنئارتۇش يېزىسىنىڭ مەشھەت كەنتىدە تۇغۇلغان . دەسلەپ قەشقەردە ، كېيىن بۇخارادا ئوقۇپ ، 1910 ـ يىلى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن . 1911 ـ يىلى قەشقەر پەشتاق مەدرىسىدە يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ ، نۇرغۇن يېڭىچە بىلىملەرنىمۇ ئۆگەنگەن ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى يېتىشتۈرگەن . كېيىن يەنە بۇخاراغا بېرىپ ئوقۇپ ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن . شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەشقەر تەۋەسىدە مائارىپ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان . بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۇ تەشەببۇسلىرى مىنگونىڭ ئالدىنقى ئون نەچچە يىلىدا كۆرۈنەرلىك تەسىر پەيدا قىلغان . ئابدۇقادىر داموللام چەت ئەللەردە ئوقۇش جەريانىدا كۆزەتكەن ئەھۋاللار ۋە ئەينى زامان شىنجاڭ مائارىپىنىڭ رېئال ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ دەرسلىك ماتېرىيالى ، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ئىسلاھات ئېلىپ باردى . ئۇ يازغان «سەرف نەھۋى» (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس) ، «مىفتاھۇل ئەدەب» (ئەدەبىيات ئاچقۇچى) ، «ئىلمى تەجۋىت» «ئىلمى قىرائەت» ، «ئىلمى ھېساب» ، «جۇغراپىيە ئىلمى» ، «زەرۇرى ئەقائىد» (مۇھىم ئەقىدىلەر ساۋادى) ، «تەلىمى سەبىيات» (بالىلار تەربىيىسى) ، «فەساھۇل ئەتفال» (گۆدەكلەرگە نەسىھەت) ، «نەسىھەتى ئامما» (ھەققە نەسىھەت) قاتارلىق ئون نەچچە پارچە ئەسىرى ئەنە شۇ خىلدىكى ئەسەرلەردۇر . ئۇنىڭ مائارىپ ساھەسىدە ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى چەت ئەل جاھانگىر كۈچلەرنىڭ ۋە جاھىل مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ . ئۇلار تىل بىرىكتۈرۈپ ئالىمنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ .

△ مەمى بەيسى (قازاق) 1900 ـ يىلى ئالتاي ناھىيىسىنىڭ فىران (بىتەۋ-

ئۆزگە ) دېگەن يېرىدە قۇرۇق شېكەر موللا
ۋە ئابدۇللانى (ئۆزبېك ) تەكلىپ قىلىپ
«ئاباقىيە مەكتىپى» (ئاباق - كىرەي
مەكتىپى دېگەن مەنىدە ) ناملىق دىن بىلەن
پەن بىرلەشتۈرۈلگەن بىر مەكتەپ ئېچىپ
بالا ئوقۇتۇش ئىشىنى ئېلىپ بارغان .

مەمى بەيسى يۇقىرىقىدىن باشقا 1905
- يىلى بورچىن ناھىيىسىدە ئۆمۈرتاي
گوڭ ئابدۇللا ئىسىملىك بىر تاتار موللى-
نى تەكلىپ قىلىپ ، ئۆز ئاۋۇلىدا «ئۇسۇ-
لى جەدىد» ناملىق بىر مەكتەپ ئېچىپ ،
پەن بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن بىرقەدەر
يېڭىچە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بار-
غان . 1920 - يىللىرى بورچىن ناھىيە-
سىدىكى ئۆز ئاۋۇلىدا مەكتەپ ئېچىپ
«ئاباقىيە مەكتىپى»نىڭ ئوقۇتۇش ئىشىنى
داۋاملاشتۇرغان .

△ تاشاخۇنوم ئەزىرى (1865 —
1925 ) تەرەققىيپەرۋەر كارخانىچى ۋە تى-
جارەتچى . 1894 - يىلى قەشقەرگە تەۋە
ئاستىنئاتۇش يېزىسىنىڭ ۋاقۋاق كەنتىدە
بىر سىنىپ يېڭى مەكتەپ تەسىس قىلغان
ۋە ئۇنىڭغا موللا مۇھەممەت خەلپىتىم ۋە
يەنە بىر تاتار مۇئەللىمنى ئوقۇتقۇچىلىققا
تەكلىپ قىلغان . سەيپىدىن ئەزىزىمۇ بۇ
مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان .

△ ئەھمەد كامال . تۈركىيىلىك .
شىنجاڭ مىللىي مائارىپىغا ھەسسە قوش-
قان . ئۇ ئۈستىنئاش ئىكساقتا 1907 -
يىلى «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» مەك-
تىپى قۇرۇلغاندا ، مەكتەپنى تەشكىللەشكە
كۈچ چىقارغان ھەم ئوقۇتقۇچى بولغان .
قۇربان ھاجىم 1910 - يىلى ئۆز يۇرتى
ئاستىنئاتۇش يېزىسى تىجەن كەنتى ئاق
مەيداندا بىر سىنىپلىق يېڭىچە مەكتەپ
سالغاندا ، ئەھمەد كامال بۇ مەكتەپكە ئو-
قۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان . 1913 -
يىلى يۇسۇپئاخۇن قەشقەر شەھىرى جانان
كوچىسىدىكى ئۆز ھويلىسىدا بىر سىنىپ-
لىق يېڭىچە مەكتەپ ئاچقاندا ۋە شۇ يىلى
قەشقەر شەھىرىنىڭ تاشمىلىق بازىرىدا
ئىككى سىنىپلىق يېڭىچە مەكتەپ ئېچىل-
غاندا ، تۈركىيىدىن بىرگە كەلگەن سەپ-
داشلىرى ئەمرۇللا بەگ ، سامىبەگ ، نە-
سىرۇللا بەگ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە
ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان .

△ غەنى قاھار . 1919 - يىلى قۇ-
رۇلغان «روشەن مەكتەپ»نىڭ قۇرغۇچى-
سى غەنى هارۋىكەش 1885 - يىلى غۇلجى-
دا بىر تەقۋادار ئائىلىدە تۇغۇلغان . ئاتى-
سىدىن ئۈچ يېشىدىلا يېتىم قالغان . ئۇ
تۇغقانلىرىنىڭ ھىمايىتىدا چوڭ بولغان . ئۇ
هارۋىكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيى-
غاندىن كېيىن ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ
ئۈچ سىنىپلىق بىر مەكتەپ قۇرغان . بۇ
مەكتەپكە تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ھا-
شىم رازاقنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىل-
غان ، بۇ «روشەن مەكتەپ» دەپ ئاتالغان .

ئابدۇرەھىم خەتىپئاخۇنوم سوپىھاجى
ئوغلى (1897 — 1954 ) قەشقەر بەشكې-
رەم يۇقىرىقى قازئېرىق يېزىسىدىن .
قەشقەر شەھىرىدىكى مەدرىستە ئوقۇغان .
دەسلەپ قەشقەردىكى مەدرىستە مۇددە-
رىس ، كېيىنچە قەشقەر شەھىرىنىڭ قازى-
لىرىدىن بىرى بولغان چوڭ دادىسى توختى
قازىنىڭ مەنىۋى تەسىرىدە ئىلىمخۇمار ۋە
خەلقپەرۋەر ئادەم بولۇپ چوڭ بولغان .
يۇرتتا ئۇزۇن مۇددەت خەلىپىلىك ۋە خەل-
پەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە 1933 - يى-
لى قۇرۇلغان قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە داڭ-
لىق مەكتەپ قازئېرىق مەكتەپنى قۇ-
رۇش ، ئوغۇللار ۋە قىزلار مەكتەپ دەپ
ئايرىپ چىقىش ، كېڭەيتىش ، قازئېرىق
مەكتەپ سەنئەت كورۇژۇكىنى تەشكىل-
لەش ئىشلىرىدا زور خىزمەت كۆرسەت-
كەن . ئۇ مەكتەپنىڭ تۆت مۇدىرىنىڭ بى-
رى بولۇپ ، بۇ خىزمەتنى ئون نەچچە يىل
ئىشلىگەن .

ئابدۇرەھمان قاسىمھاجى (1997 — 1968) قەشقەر بەشكېرەم يېزىسىنىڭ بۇچى كەنتىدە بىر مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1910 - يىللىرى دادىسىغا ئەگىشىپ، ئانىسىنىڭ يۇرتى تاتارىستانغا بېرىپ، قازاندا ئوقۇغان ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن قازان، زايسان، ئوش، پىشكەك، تاشكەنت، ئەنجان، چىمكەنت، پېتربۇرگ قاتارلىق شەھەرلەردە ئايلىنىپ تىجارەت قىلىش بىلەن بىرگە يېڭىلىق ۋە مائارىپ بىلەن تونۇشقان. يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن يۇرتىنىڭ ئىمامەتچىلىكىنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئائىلىدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، يېرىم پەن، يېرىم دىن دەرسى ئۆتكەن. ئۇنىڭ بۇ ئىشى 1920 - يىللىرى باشلانغان. 1933 - يىلى بەشكېرەم يېزىسىنىڭ قازئېرىق كەنتىدە يېڭىچە ئۇسلۇبتىكى يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇلغاندا بۇ مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ، 1939 - يىلىغىچە بۇ خىزمەتنى ئۈنۈملۈك ئىشلەپ، قازئېرىق مەكتەپىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۈلگىلىك مەكتەپ بولۇش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان. قازئېرىق مەكتەپ سەنئەت كورۇژۇكىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىپ، شىنجاڭدا XX ئەسىر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن ۋە ئەڭ تەسىرلىك سەنئەت كورۇژۇكى بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلغان. ئايىم - قىزلارنىڭ يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇشىغا يول قويۇلمىغان ئاشۇ جاھالەتلىك يىللاردا ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىككى قىزىنى پەننىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىپ، قازئېرىق مەركىزىي مەكتەپ قارىمىقىدا شۆبە قىزلار مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالغان.

△ موللاخۇنھاجىم ئالىم ۋە مۇدەرس. ئۇ 1920 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ خانىرىقتا ھەيۋەتلىك بىر خانىقانى قۇرۇپ چىققان. ئۇنىڭدا 3000 دىن ئارتۇق كىشى بىلىم بۇلىقىدىن سۇ ئىچكەن. كۈتۈپخانىسىدا ئون مىڭ جىلدتىن ئارتۇق كىتاب بولغان، ئۇ مەككە - مەدىنىدە 12 يىل بىلىم تەھسىل قىلغان. دەسلەپكى بىلىمنى ئەھمەد ھاجىم 1882 - يىللىرى بىنا قىلغان كۆسەنبويى مەدرىسىدە ئالغان.

△ مەخسۇد مۇھىتى (1885 — 1932) تۇرپاندىن، 1910 — 1913 - يىللىرى رۇسىيىگە بېرىپ، يېڭىچە تورمۇش ئۇسۇلى ۋە يېڭىچە مائارىپ بىلەن ئۇچراشقان. 1913 - يىلى رۇسىيىدىكى تاتار زىيالىيلىرىدىن ھەيدەر ئەپەندى (سايرانى) ھەيرانى ئەپەندى قاتارلىقلارنى تۇرپانغا ئېلىپ كېلىپ، ئۆز ئىنىسىنىڭ (گۇسۇل مۇھىتى) قورۇسىدا يېڭى پەننى مەكتەپ ئاچقان. 1925 - يىلى «مەقسۇدىيە مەكتىپى» مۇشۇ مەكتەپ ئىلھامى بىلەن قۇرۇلغان.

△ ھامۇدھاجى مۇئمىن قارى ئوغلى (1887 — 1941) كۇچا ناھىيىسىدىن، كۇچادىكى مەدرىستە ئوقۇغان. چەت ئەللەر، بولۇپمۇ رۇسىيىنى كۆرۈپ، يېڭىچە مائارىپچىلىق بىلەن تونۇشقان. يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇش مەقسىتىدە ئىلغار ياشلارنى تەشكىللەپ، 1912 - يىلى «كۇچا ناھىيە يېڭى مەھەللە ئىپتىدائىي نىزام مەكتىپى» («نىزامىيە» مەكتىپى دەپ ئاتالغان) نى قۇرۇپ، 1913 - يىلى ئوقۇش باشلىغان. دەسلەپتىلا يۈزدىن ئارتۇق ئوغۇل ئوقۇغۇچى، ئىككى نەپەر قىز ئوقۇغۇچى مەكتەپ قوينىغا كىرىپ ئوقۇغان، يېرىم يىلدىن كېيىن بىر قىزلار سىنىپى ئېچىلغان. 1916 - يىلى بۇ باللار ئوقۇش تاماملاپ، كۇچانىڭ يېقىنقى زامان مائارىپ تارىخىدىكى تايانچىلاردىن بولۇپ قالغان.

△ تۇرسۇن ئەپەندى (1886 — 1937) ئۇستىنئاش يېزىسىنىڭ ئىكساق كەنتىدە تۇغۇلغان، تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن. 1910 — 1933 - يىلىغىچە ئىزچىل ھالدا ئىكساق «ھۈسەينىيە مەكتىپى»نىڭ مۇدىرى بولغان. ئۇ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەندىن باشقا، ئىشلىرىنى ئالاھىدە يۈكسەلدۈرگەن.

△ مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق، 1901 — 1937) ئاستىنئاتۇش يېزىسىنىڭ بويامەت كەنتىدە تۇغۇلغان. چەت ئەللەردە ئوقۇش ۋە ساياھەتتە بولغان.

1934 - يىلى ئەينى چاغدىكى شىنجاڭنىڭ پايدىلىق ۋەزىيىتىنى ئالدىن ۋە توغرا مۆلچەرلەپ، ئاستىنئاتۇش يېزىسىنىڭ 24 كەنتىدە 24 مەكتەپ ئېچىشنى پىلانلىغان. بۇنىڭ بىلەن مەمتىلى ئەپەندى باشچىلىقىدىكى «مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى» تەشكىللەنگەن. ئۇ ئاچقان مەكتەپلەرنىڭ ئىناۋىتى قەشقەر تەۋەسىدىلا ئەمەس بەلكى، جەنۇبىي شىنجاڭ، ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، كەڭ دائىرىدە مەكتەپ ئېچىش، يېڭىچە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇش دولقۇنى قوزغالغان. مەمتىلى ئەپەندى تەشكىللىگەن «ئىزچىلار ئەترىتى»نىڭ تەسىرى تېخىمۇ چوڭ بولغان.

△ گۈلەندەم خانىم (گۈلەندەم خانىم ئاۋىستاي ھەبىبۇلىنا، 1889 — 1974 - يىللىرى، تاتار) 1917 - يىلى موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنى تۈگىتىپ ئېرى موھەببۇللا بىلەن 1925 - يىلىغىچە (ئېرى 1921 - يىلى ئۆلۈپ كەتكەن) تۇرپاندا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن ئۈچمەس خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇ 1925 - يىلى چۆچەكتە ئۆز ئالدىغا مەكتەپ ئاچقان. 1946 - يىلى 5 - ئايدا قۇرۇلغان تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خانىم - قىزلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولغان.

△ ئايخان ئانا (1888 — 1942)، 1933 -، 1934 - يىللىرى ئۆزى مەبلەغ چىقىرىپ، غۇلجا شەھىرىدە مەخسۇس يېتىم باللار ئۈچۈن «غۇلجا خەيرىيەت مەكتىپى» سالغان. كېيىنچە بۇ مەكتەپ «ئايخان مەكتىپى» دەپ ئاتالغان. بۇ مەكتەپنىڭ تەسىرى ئىلى تەۋەسىدە ناھايىتى چوڭ بولغان. بۇ مەكتەپ 50 نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزىنىڭ رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرماقتا.

△ ئەبراز باي (1880 — 1939) قەشقەر شەھىرىدىن، 1933 - يىلى 12 - ئايدا قەشقەردە ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلغاندا ئەۋقاب مۇدىرى (ۋەخپە ئاشلىق باشقۇرغۇچى) بولغان. ئۇ ھەقىقىي يېتىملار غەمگۈزارى بولۇپ، 1934 - يىلى قەشقەر يارباغ دەرۋازا بىلەن تۈمەن دەريا ئارىلىقىدىكى گور (گوركارلار) مەھەللىسىگە 12 سىنىپلىق دارىلئېيتام مەكتىپى سېلىپ، سەككىز سىنىپقا يېتىم ئوغۇل باللارنى، تۆت سىنىپقا يېتىم قىزلارنى قوبۇل قىلىپ ئوقۇش باشلىغان. ئۇ يەنە دارىلئاجىزىن قۇرۇپ، 300 دىن ئارتۇق يېتىمنى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان. ئەبرازباينىڭ بۇ خىل ئىنسانپەرۋەرلىك روھى تېز سۈرئەتتە قەشقەر تەۋەسىدە ئومۇملاشقان. داڭقى جەنۇبىي شىنجاڭغا يېيىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1935 - يىلى ئاقسۇغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئەبرازباي ئاقسۇدا ئىشلەش جەريانىدا ئاقسۇ ۋىلايەتىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا، بولۇپمۇ دارىلئېيتام مەكتىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور كۈچ سەرپ قىلغان. ئۇ ئالىيجاناب ئادەم 1939 - يىلى ئۈرۈمچىدە جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن.

△ مەمتىمىن قارى ھاجىم سوپىزادە (1886 — 1937) ئۆزبېكىستاننىڭ نەمەنگەن شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ دادىسى

سوپىزادە بىلەن بىرگە ھەجگە بېرىپ شۇ
يەردە ئون يىل ئوقۇغان . يەنە مىسىر ۋە
تۈركىيىدە ئۈچ يىل دىن ۋە پەن ئوقۇغان .
1926 ـ يىلى ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن
قەشقەرگە كېلىپ ، مەكتەپ ئېچىپ بالا
تەربىيىلىگەن . 1928 ـ يىلى ئاستىنئا ـ
تۇش يېزىسىغا كېلىپ ، ئۆگىنىش كەنتىدە
ماكانلىشىپ ، ئۇ يەردىمۇ مەكتەپ ئې ـ
چىپ ، بالا ئوقۇتقان . 1932 ـ يىلى ئاق ـ
سۇدىكى تەرەققىيپەرۋەر ۋالىي (دوتەي )
نىياز شەرىپى ۋە باشقىلارنىڭ تەكلىپى بى ـ
لەن ئاقسۇغا كەلگەن ھەم كېيىنچە ئاقسۇ
ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا
رەئىس بولغان . 1934 ـ يىلى «ئاقسۇ
دارىلمۇئەللىمىن » قۇرۇلغاندا مەكتەپ مۇ ـ
دىرى بولغان . شۇ چاغدا «ئاقسۇ ئۇچۇرى »
ناملىق گېزىت چىقىرىپ ، ئاقسۇ گېزىت ـ
چىلىكىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان . مەمتى ـ
مىن قارىھاجىم قاتارلىقلار قوزغىغان ئاق ـ
سۇدىكى بۇ يېڭى مائارىپچىلىق دولقۇنىدا
«نىيازىيە » ، «مەكتىپى ئىسمائىلە » ،
«ۋەتەن يۇنۇسىيە » ، «ساتۇق بۇغراخان »
، «تۆمۈرغازى » ، «تۇرانىيە » ، «سۇبھى
سابا » ، «ئاباسىيە » قاتارلىق مەكتەپلەر
بارلىققا كەلگەن . شىنجاڭ يېڭىچە مەكتەپ
مائارىپىغا چوڭ ھەسسە قوشقان مەمتىمىن
قارىھاجىم 1937 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە چا ـ
قىرتىلىپ ، جاللات شېڭ شىسەي تەرىپى ـ
دىن پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن .

△ ھاجى خانىم قاسىمئاخۇن قىزى
(1907 — 1987 ) مەدىنىدە خوتەنلىك
بىر جۈپ ھەج قىلغۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇل ـ
غان . ئەسلى ئىسمى پاتىمە بولۇپ ، ئۇ
ئىستامبۇل ، ئاشخاباد ، ئەنجاندا ئوقۇغان .
تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىك ئۇ ـ
نىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات كەس ـ
پىدە ئۈچ يىل بىلىم ئالغان . 1934 ـ
يىلى قەشقەرگە كەلگەن . ئاندىن خوتەنگە
بارغان . 1937 ـ يىلى تەرەققىيپەرۋەر
زات ئەمەتھاجىم (يېڭىدىن قۇرۇلماقچى
بولۇۋاتقان خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدە ـ
نىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا تەييارلىق كۆ ـ
رۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ) ۋە مەمتىمىن
ئەلىيوف قاتارلىق ئىلغار زىيالىيلارنىڭ
ھەر تەرەپلىمە مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا
خوتەن شەھىرىدە خوجامكۆل ئوغۇللار باش ـ
لانغۇچ مەكتىپى ۋە قىزلار باشلانغۇچ
مەكتىپىنى قۇرغان . بۇنىڭغا ئۆزى مۇدىر
بولغان ، ئۇ يەنە خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت
ئۆمىكىنى تەشكىللەشكە يېتەكچىلىك قى ـ
لىپ ، ئۇنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد مەسئۇلى
بولغان ھاجى خانىم خوتەننىڭ مائارىپ ۋە
سەنئەت ئىشلىرىغا كۆپ كۈچ چىقارغان .

△ ئىبراھىم ئابدۇللا (قىرغى ـ
ىز ) 1933 ـ يىلى سابىق سوۋېت قىر ـ
غىزىستاننىڭ نارىن ئوبلاستىغا بېرىپ
بىر مەزگىل ئوقۇپ ، ۋەتەنگە قايتقان .
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قىرغىز مائارىپىنى
يولغا قويۇپ ، خەلقنى ئىلىم ـ پەن ، مە ـ
رىپەت يولىغا باشلاپ ، ئۆز يۇرتى ئۇلۇغ ـ
چاتنىڭ كۆكيار دېگەن جايىدا تۇنجى قې ـ
تىم يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان . شۇنىڭ بى ـ
لەن يېقىن ئەتراپتىكى قىرغىز يېزىلىرى
ئارىسىدا مەكتەپ ئېچىش دولقۇنى كۆتۈ ـ
رۈلگەن . ئىبراھىم (ئىبراي ) ئابدۇللا
ئۆزۈن ئۆتمەي ، قەشقەر ۋىلايەتلىك قىر ـ
غىز ـ قازاق مەدەنىي ـ مائارىپ ئاقارتىش
ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان .
1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە
ئۆلتۈرۈلگەن .

△ ئابدۇرەھمان (ئابدۇرەھمان ئە ـ
بەي ) 1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ
بويىچە تۇنجى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى «قەشقەر
ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى »
نىڭ رەئىسى بولغان . يەنە سوۋېت كونسۇ ـ
لىنىڭ تەكلىپى بىلەن كېرىمئاخۇن قاتار ـ
لىقلارنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ، تە ـ
رەققىيپەرۋەر زات تاھىربەگ (دۇبەن مەھ ـ

كىمىسى ھەربىي ئىشلار كاتىپى )نىڭ
قوللىشى بىلەن 1934 ـ يىـل 1 ـ ئاۋ-
غۇست ئۈرۈمچىدە مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇ-
يۇشمىسىنى قۇرغان ۋە مەدەنىي ـ مائارىپ
ۋە سەنئەت ئىشلىرىنىڭ يۇكسىلىشىگە
ھەسسە قوشقان .

△ ھۇسەيىنبەگ يۇنۇسوف . مەرىپەت-
پەرۋەر زات ھۇسەيىنبەگ يۇنۇسوف 1899
ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن .
1934 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قاتناش ۋەقەسى
سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان .

ھۇسەيىنبەگ يۇنۇسوف پانفىلوف
كەنتىدە ئوقۇغان . ئۇ 1918 ـ يىلى ئۆز
خىراجىتى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپا-
قىدىن بىر مەتبەئە ماشىنىسى ۋە بىرنەچچە
خىل مەتبەئە ھەرپىنى سېتىۋېلىپ كې-
لىپ ، ئىلى ھەم شىنجاڭدا ئۇيغۇر مەتبە-
ئەچىلىكى ۋە نەشرىياتچىلىقىنى بەرپا قى-
لىشقا تۆھپە قوشقان . ھۇسەيىنبەگ ئۆز
مەتبەئەسى بىلەن 1919 ـ يىلى كۇزدە
«ھۆر سۆز» گېزىتىنى چىقارغان ، 1920
ـ يىلى گېزىتنى توختىتىپ ، مەتبەئە ما-
شىنىسىنى كۇرەدىن غۇلجا شەھىرىگە يۆت-
كەپ ، دەرسلىك كىتاب ، دەپتەر بېسىپ ،
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىن ئەت-
كەن ، شۇنىڭدەك ئەخلاقىي ، ئەدەبىي ۋە
دىنىي كىتابلارنى بېسىپ تارقاتقان .
1920 ـ يىلى ئابدۇمۇتائالى خەلپەمنىڭ
«ئىلىم ھال» كىتابى (ئىككى كىتاب )
مۇشۇ مەتبەئەدە بېسىلغان . بۇ مەتبەئەدە
بېسىلغان دەرسلىك كىتابلار ئەينى يىللى-
رى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىگە تارقىتى-
لىپ ، ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يۇكسىلىشىدە
زور رول ئوينىغان . ھۇسەيىنبەگ يۇنۇ-
سوف جامائەت ئەربابى ۋە بىر سىياسىئون
بولۇش سۈپىتىدە ئىلىنىڭ جامائەت ، مە-
دەنىيەت ، سەنئەت ، بولۇپمۇ مائارىپ ئىش-
لىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوش-
قان ، ئۇ «ئىلى سەنىمى»نى رەتلەپ ھا-
زىرقى ھالغا كەلتۈرگەن . ئۇ 1927 ـ
يىلى ئۆز خىراجىتى بىلەن «ھۇسەيىنىيە
مەكتىپى» (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 2
ـ ئوتتۇرا مەكتەپ )نى سالدۇرغان . شۇڭا
بۇ مەكتەپ ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن «ھۇسەي-
نىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالغان . ھۇسەيىن-
بەگ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ مەت-
بەئەسى «ھۇسەيىنبەگ يۇنۇسوف مەتبەئە-
سى» دەپ ئاتالغان ھەم ھۇسەيىنبەگكە ئا-
تالغان مەرسىيىلەر كىرگۈزۈلگەن «ھۇ-
سەيىنبەگ يۇنۇسوفنى خاتىرىلەيمىز» نام-
لىق كىتابنى بېسىپ تارقاتقان .

△ نەزەرخوجا (تەخەللۇسى ئۇيغۇر
بالىسى ) ، 1887 ـ يىلى ئىلىدا تۇغۇلۇپ
ئۆسكەن مەرىپەتپەرۋەر زات ، تارىخچى ،
يازغۇچى ، شائىر ۋە قەدىمكى زامان ئەدە-
بىيات تەتقىقاتچىسى .

نەزەرخوجا 1911 ـ يىلى «شورا»
ژۇرنىلىنىڭ 12 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان
مائارىپ مەسىلىسى توغرىسىدىكى ماقالى-
سىدە «ئىلى ۋىلايىتى گېزىتى»نىڭ ماقا-
لىسىدىن سىتاتا ئالغان . ئۇ تۆۋەندىكى
قۇرلارنى ئەينەن كۆرسىتىدۇ : «بىر مىل-
لەت تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت دۇنياسىغا
قەدەم قويۇپ ، ئىلىم ۋە مائارىپ ھاسىل
قىلماق بولسا ، ھەممىدىن ئىلگىرى ئىپ-
تىدائىي مەكتەپ مۇئەللىملىرى لازىم بو-
لىدۇ . بۇ بىر قائىدە . ھەربىر مىللەتنىڭ
ھاياتى ، مالىيىسى ، ئىلىم ـ مائارىپى قاي-
چىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكى ئىپتىدائىي
مەكتەپلەرنىڭ چوڭلۇقى بىلەن ئۆلچىنى-
دۇ . ئەگەر قايسىبىر مىللەتتە ئىپتىدائىي
مەكتەپ مۇئەللىملىرى بولمىسا ، ئۇ مىل-
لەت ئىلىم ۋە مائارىپسىز ، نادان ھېساب-
لىنىدۇ . قايسى بىر ئەل مىللەتنىڭ ئىس-
تىقبالى تەمىن قىلىنىپ ، دۇنيادا ياشاشقا
سالاھىيەتلىك بولسا ئۇ مىللەتنىڭ ئىپتى-
دائىي مۇئەللىملىرى كۆپ بولىدۇ ۋە ياخ-
شى بولىدۇ . فرانسىيە ـ پرۇسسىيە سو-

قۇشىدا فرانسىيىنى پرۇسسىيىنىڭ ئەسكەرلىرى ئەمەس ، بەلكى ئىپتىدائىي مۇئەللىملىرى يەڭدى دېيىشىدۇ . بۇ سۆزنى ياۋروپا پەيلاسوپلىرىمۇ تەستىقلىغان ئىكەن » . دېمەك مۇئەللىم ئۆز ماقالىسىدە ئاممىنى رىغبەتلەندۇرۇپ ، ياشلارنى بىلىملىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ .

△ خەمىت ۋەكىلى ، ئىلى ۋە تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە 50 يىل مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان . 1930 ـ يىلىدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچى بولغان . 1934 ـ يىلى غۇلجىدىكى مەشھۇر «نەمۇنە مەكتىپى» گە رەھبەرلىك قىلىپ ، پۈتۈن ئىلى مائارىپىغا نەمۇنە ياراتقان . ئۇنىڭ ئۈلگىسى بويىچە شۇ چاغدىكى «تائالىيە» ، «كەسپىيە» ، «سايرامىيە» ، «ھۇسەينىيە» ، «روشەن» ، «گۈلشەن» قاتارلىق مەكتەپلەر قايتا رەتكە سېلىنىپ ، تېز راۋاجلانغان .

△ ئەھمەدجان قاسىمى (1914 — 1949 ) شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بەك كۆڭۈل بۆلگەن . 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئىجرائىيە كومىتېتى ئەھمەدجان قاسىمىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ، بىلىم يۇرتىنى قۇرۇش يولىدىكى ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى ئەسلەش ، ئۇنىڭ نامىنى داۋاملىق يادلاپ تۇرۇش ئۈچۈن غۇلجىدىكى «ئۆلكىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى»نىڭ نامىنى «ئۆلكىلىك ئەھمەدجان قاسىمى نامىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى» دەپ ئاتاش توغرىسىدا قارار چىقارغانلىقى بۇ نۇقتىنى روشەن ھالدا ئىسپاتلايدۇ .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، بۇ يىللاردا مەكتەپ قۇرغان ، مائارىپنى ئەمەلىي ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن قوللىغان . ئوقۇتۇش سېپىدە ئۇزۇن يىل يېتەكچىلىك رول ئوينىغان ۋە پۈتۈن ھاياتىنى خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلغان پىداكار ئوقۇتقۇچىلار ناھايىتى كۆپ . مائارىپ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ، تارىخىمىزدا ئۆتكەن بۇنداق ئەل سۆيەر ئۇستازلىرىمىزنىڭ مائارىپقا سىڭدۈرگەن خالىسانە تۆھپىلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ، ئەلۋەتتە .

## ماقال - تەمسىللەر*

△ خان خاندىن قورقىدۇ ، خان خۇتۇندىن .

△ خەيرلىك ئىشقا جارچى بولساڭ خاپا بولما .

△ خەلققە خىيانەت قىلدىڭ ، ئۆزۈڭگە جىنايەت .

△ پىل ئۆلسە ، چىشى ئۆلمەس .

△ ئاتا غەيرەتلىك بولسا ، بالا ئىبرەتلىك بولۇر .

△ ھەر يىقىلىش ئۆلۈم ئەمەس

△ ياخشىنى بىل ئۆزىدىن
يامانىنى بىل كۆزىدىن

△ خان يولى — قان يولى

△ پېقىر كىشى پانادا
سوقۇر كىشى تالادا .

* ئۆزبېكچە «ھېكمەتنامە»دىن ئېلىندى

# «كالا يىلى»مۇ ياكى «ئۆي يىلى»مۇ؟

غەيرەتجان ئابدۇللا كالدىر
(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى)

يېقىنقى يىللاردىن بېرى نۇرغۇن بالىلار ھېكايە - چۆچەكلىرى، بالىلار مەسەللىرى، بالىلار تېپىشماقلىرى، بالىلار كالېندارلىرى، بالىلار ئاسما رەسىملىرى، بالىلار ئوقۇشلۇقلىرىدىن تارتىپ ئەيتاۋۇر بالىلارغا دائىر بارچە نەرسىلەردە، ھەتتا باشقا بارلىق ئەسەرلەردە، كۈندىلىك جانلىق تىلىمىزدىمۇ ئۆي، تورپاق، ئۆكۈز، بۇقا، ئىنەك، سىيىر، كالا، غۇنجۇن، موزاي،... قاتارلىق كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ كۆپ خىل ئاتىلىشى بولغان ئاچا تۇياقلىق ھايۋانلار ئائىلىسىدىكى مۈڭگۈزلۈك بىر خىل ئوتخور ھايۋاننى «كالا» دېگەن بىرلا خىل نامدا ئاتاپ كەلمەكتىمىز، مەسىلەن: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىلى 3 - ئايدا نەشر قىلغان «ئون ئىككى چۆچەك ھەققىدە قىزىقارلىق ئىشلار» دېگەن كىتابچىدا ۋە شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1997 - يىلى نەشر قىلغان 12 چۆچەك تونۇشتۇرۇلغان «كالا يىلى» قاتارلىق 12 كىتابچە ئەنە شۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ خىل ئاتاش ئادىتى ھازىر بارا - بارا ئەدەبىي تىلىمىزدىكى قېلىپلاشقان سۆز - ئاتالغۇغا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. دۇرۇس. «كالا» سۆزى مۇشۇ ھايۋان جىنسىغا مەنسۇپ بولغان ھايۋاننىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن بېرىقى ئۇيغۇر ئورتاق تىلىمىزدىكى بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ئورتاق نامى بولۇپ كەلمەكتە. ئالايلى؛ كالا يىلى، كالىنىڭ بالىسى، كالا سۈتى، كالا گۆشى، كالىكومشار، كالا مىجەز،... دېگەندەك. بۇ سۆزلەردىن كالا جىنسىكىلەرنىڭ ھەرقانداق ياش - قۇرام ۋە جىنسىكىلىرىنى، ھەتتا كالىدەك مۆرەش مىجەزى بولغان ياكى دۆترەك كەلگەن كىشىلەرنىمۇ شۇ بىرلا «كالا» سۆزىگە باغلاپ ئاتايدىغانلىقىمىز چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما بۇ دېگەنلىك كالىغا ئالاقىدار كونكرېت ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسىنى بىرلا «كالا» سۆزى بىلەن ئاتاپ ئىشنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. دېگەنلىك ئەمەس. تىلىمىز ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا نۇرغۇن پايدىلىق تەركىبلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ئىپادە قىلىشتا، تۇرلەشكە ئەپچىل، بىر چوڭ ئۇقۇم دائىرىسىدىمۇ يەنە نۇرغۇن تارماق ئۇقۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قەدىمكى تەرەققىي قىلغان تىللاردىن بىرى سۈپىتىدە بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن. يەنە مىسال ئالساق، بۇقا - يېشىغا توشقان ئەركەك كالا مېلىنى، موزاي، ئومۇمەن يېڭى تۇغۇلغان چاغدىن تارتىپ يېشىغا تولغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كالا مېلىنى، ئىنەك - يېشىغا تولغان چىشى كالا مېلىنى، سىيىر - يېشىغا تولغان

چىشى سېغىن كالا مېلىنى، غۇنجۇن — يېشى ئالتە ئايلىقتىن ئاشقان، ئەمما بۇقىغا كىرمىگەن چىشى موزاينى كۆرسىتىدۇ. موزاي ۋە يېشىغا تۇرغان كالا مېلى، بىرى چىشىغا (يېشىغا) ئاساسەن (سۈت چىشلىق، بىر چىشلىق، ئىككى چىشلىق... دېگەندەك) ۋە جىنسىغا ئاساسەن (ئەركەك موزاي، چىشى موزاي، ... دېگەندەك) پەرقلەندۈرىمىز. ئۆكۈز قەدىمدە سىيىرنى كۆرسىتەتتى. يەنى «ئوغۇز سۈتى» دېگەنلىك ئەسلىدە «ئۆكۈز سۈتى» دېگەنلىك ئىدى. ھازىر ئومۇمەن يۇرتىمىزنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرىدىكى ئۇيغۇرلاردا يېشىغا تۇرغان، ساپانغا، ھارۋىغا، ... قاتقىلى بولىدىغان پىچۇق (ئاختا) كالا مېلىنى. ھەتتا تامامى كالا مېلىنىڭ ئومۇمىي نامىنى كۆرسىتىدۇ. تورپاق — پۈتۈن يۇرتىمىز دائىرىسىدە ئومۇمەن يېشىغا تۇرغان، كۈچ — قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، تېجىمەل كەلگەن، ساپانغا، ھارۋىغا،... قاتقىلى مىنگىلى بولىدىغان ئەركەك (كۆپرەك پىچۇق)

كالا مېلىنى كۆرسىتىدۇ ئۇي — بۇ سۆزنىڭ مەنىسىمۇ ھازىرقى مەنىدىكى «ئۆكۈز» ۋە «تورپاق» سۆزلىرى بىلەن ئاساسەن دېگۈدەك ئوخشاش. كالا — بۇ سۆز كەڭ مەنىدە پۈتۈن كالا مېلىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە نۇرغۇن جايلاردا، مەسىلەن: چارقىلىقتىن قەشقەرگىچە بولغان بىپايان ۋادىلاردا ئىنەك، سىيىر بىلەن مەنىداش. يەنى باشقا جايلاردا «كالا ھارۋىسى» دېيىلسە، ئۇ جايلاردا «تورپاق ھارۋىسى» دېيىلىدۇ ۋە باشقىلار. چۈنكى ئۇ تەرەپلەردە كالا يەنى چىشى مالنى كۆپىنچە ھارۋىغا، ساپانغا،... قاتمايدۇ... قىسقىسى ئەركەك مال — ئۇي، تورپاق، ئۆكۈز ۋە بۇقىلاردەك ئېغىر ئىش — ئەمگەكلەرنى «كالا»غا قىلدۇرمايدۇ. خەلقىمىزنىڭ ئاغزاكى تىلىدا ۋە تارىخىي يازما مەنبەلىرىدىمۇ مۇشۇنداق خىلمۇخىل ئورۇندا، خىلمۇخىل مەنىدە ئىشلىتىلىۋاتقان بۇ سۆزلەر نېمىشقا ئەمدىلىككە كەلگەندە مۇشۇنداق «كالا» سۆزىگىلا مەركەزلىشىپ قالىدۇ؟ بۇ توغرىمۇ؟ ...؟

بولۇپمۇ بىزنىڭ دېھقان، چارۋىچىلىرىمىز مۇشۇ نەچچە مىڭ يىل مابەينىدە ئىزچىل «ئۇي مېلى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان 12 مۇچەلىمىز ئىچىدىكى بىر يىل ھازىر «ئۇي»دىن بىراقلا ماقالىنىڭ بېشىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك «كالا»غا ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇ خىل ئەھۋال بالدۇر باسما بۇيۇملىرىمىزدا، ئاندىن شەھەر — بازارلىرىمىزدىكى كادىرلىرىمىز، زىيالىيلىرىمىز،... ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى تىلىدا كۈنسېرى تېز ئومۇملاشماقتا. يەنە كېلىپ مۆچەل يىلى ناملىرىمىزنى بۇنداق خاتا قوللىنىش شۇ بىرلا «كالا» بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. يەنە «ئەجدىھا (ياكى ئەجدىها) يىلى»، «لەھەڭ يىلى» «تىمساھ يىلى»، «چوشقا يىلى»، «يولۋاس يىلى»، «مايمۇن يىلى»، «سەگ يىلى»، «ساچقان يىلى»،... قاتارلىقلارمۇ بار. ئۇنداقتا مۆچەل يىلى ناملىرىمىزنى قانداق قوللانغاندا ئەڭ توغرا بولىدۇ؟

مېنىڭچە، مەن يۇقىرىدا ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتكەن كىتابچىلار ۋە باشقىلاردىن كەلگەن بۇ ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ ۋە خاتالىقلارنىڭ كەلگۈسىدە تېخىمۇ نۇرغۇن ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى خاتالاشتۇرۇپ قويۇش ئېھتىماللىقى بار. يەنى ئۇ كىتاب ۋە باشقا ماتېرىياللاردىكىدەك ئېلىشقا توغرا كەلسە مۆچەل يىلى ناملىرىمىزدىكى «ئۇي يىلى»نى «كالا يىلى»لا ئەمەس يەنە «ئۆكۈز يىلى»، «تورپاق يىلى»، «بۇقا يىلى»، «ئىنەك يىلى»،... دەپ ئاتاشقا؛ «توخۇ

يىلى»نى «خوراز يىلى» ، «مېكىيان يىلى» ،…دەپمۇ ئاتاشقا ؛ «ئىت يىلى»نى «سەگ يىلى»دىن ئۆزگە يەنە «قانچۇق يىلى» ، «بويناق يىلى» ، تايغان يىلى «بۆرە ئىت يىلى» ، «پىستەك يىلى» ؛… دەپ تۈرلۈكچە ئاتاشقىمۇ بولىدۇ ۋە باشقىلار . ئەمما تارىختا ئاللىقاچان قېلىپلىشىپ كەتكەن بۇنداق مەخسۇس سۆز - ئاتالغۇلىرىمىزنىڭ بۇگۈنكى كۈنلۈكتە بۇنداق تۈرلىنىشىپ كېتىشى ئەنئەنىۋى ئېسىل تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا ئېغىر دەرىجىدە ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىگە قارىتا كېچىكمەي بولسىمۇ تۈزىتىش بېرىش ياشلىرىمىز ۋە ئۆسمۈرلىرىمىزگە توغرا بولغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم ۋە تەخىرسىز ئىلمىي ئەمگەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان بارلىق قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزغا قارىغاندا ، ئەجدادلىرىمىز مۇچەل يىل ناملىرىنى مەيلى ھۇن ئونئوغۇز تەڭرىقۇتلۇقىدا ، مەيلى قاڭقىل ئۇيغۇر قاغانلىقىدا ، مەيلى كۆك تۈرك قاغانلىقىدا ، مەيلى تۇغلا ۋە ئورخۇندىكى ئۇيغۇر قاغانلىقلىرىدا ، مەيلى قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ، مەيلى گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانلىقىدا ، مەيلى قاراخانىيلار خانلىقىدا بولسۇن ئىزچىل بىر خىل دېگۇدەك ئاتاپ كەلگەن . ئاشۇ مۇچەل ناملىرىغا مەنداش ياكى مەنداشلىقى بولغان ئۆز تىلى ياكى باشقا تىلدىن كىرگەن يەنە بىر سۆز بىلەن كەمدىن - كەم ئاتىغان ، پەقەت قەبىلىلەر ياكى زايونلار ئارا ئاز - تولا شېۋە پەرقى بولغان سۆزلەردە ئاتىغان خالاس . مەسىلەن : ئۇد ، ئۇي ، تاقاغۇ - توخۇ ، پاخشاپۇت - ساچقان - چاشقان ، بارس - باس ،… دېگەنگە ئوخشاش . شۇڭلاشقا ئاتاقلىق تىلچىمىز مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ «دىۋان»ىدا مۇچەل يىل ناملىرىغا ئالاقىدار سۆزلۈكلەرگە ئىزاھات بەرسە ئۇنى بۇ ئاتالغۇلارغا مەنداش سۆزلەردىن ئەتەيگە پەرقلەندۈرۈپ ، بارلىق تۈركلەر - ئۇيغۇرلار مەخسۇس مۇچەل يىلى ناملىرىنى ئاتايدىغان ئاتالغۇ ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەن . ئالايلى ، ئالىم «كالا» تائىپىسىگە دائىر نۇرغۇن سۆز - ئاتالغۇلارنى تىلغا ئالغان تۇرۇقلۇق ، پەقەت «ئۇد» (ئۇي)نىڭلا تۈركلەرنىڭ مۇچەل يىل ناملىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى مەخسۇس ئەسكەرتكەن① . يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئېلان قىلىنىۋاتقان 8 - 15 - ئەسىرلەرگە دائىر تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە تىل - يېزىقىمىزدىكى خەت - چەكلەردىمۇ بۇ خىل ئەھۋال ئەكس ئەتكەن② . مىلادى 1200 - يىللارنىڭ 2 - چارىكىدىن تاكى 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچىلىك بولغان شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئارىلىقىدا ئەجدادلىرىمىز ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچراپ ئۆز ۋاقتىدىكى ئەدەبىي تىلىمىزدا فونېتىكا جەھەتتە خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ ، مۇچەل يىلى ناملىرىمىزدا مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولغان (مەسىلەن : تاقاغۇ - توخۇغا ، چاقشاپۇت - ساچقان ياكى چاشقانغا ، بالىق - بېلىققا ، قۇن - قويغا ، ئۇد - ئۇيغا ، تابىشقان ياكى تاۋۇشقان - توشقانغا ، …غا ئۆزگەنگە ئوخشاش ) ھەم «بىچىن يىلى»دىكى «بىچىن» سۆزىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا مەنداش بولغان ئەرەبچە «مايمۇن» سۆزى ئالمىشىپ «مايمۇن يىلى» دېگەن بىر يېڭى مۇچەل يىلى نامى پەيدا بولغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ، مۇچەل يىلى ناملىرىمىزنىڭ ئاتىلىشىدا ماھىيەتلىك چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان . بىز بۇنىڭغا دائىر ئىسپاتنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى-

مىز بىلەن يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن ياكى
شۇ تىلىمىزغا ئاغدۇرۇلغان ھەرقانداق بىر
كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدىن دېگۈدەك ئۇچ-
رىتالايمىز③ . ھازىر بىپايان يېزا ـ قىش-
لاقلىرىمىزدىكى مىليونلىغان دېھقان چار-
ۋىچىلىرىمىز ھېلىھەم مۇشۇ ئەنئەنىگە ۋا-
رىسلىق قىلماقتا . ئۇلار ھازىرمۇ ئۆزلى-
رى، ئاتا ـ بوۋىلىرى، پەرزەنتلىرى ۋە
باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ـ يورۇقلى-
رىنىڭ تۇغۇلغان، تۇگەپ كەتكەن چاغلى-
رى ۋە باشقا ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك
ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەن چاغلىرىنى يەنىلا
ھىجرىيە يىلىنى ئاساس قىلغان مۇشۇ مۇ-
چەل يىلى ھېسابى بىلەن ھېسابلايدۇ .

بۇنداقتا بۇ مىللىي تارىخىي ئىزچىل-
لىق نېمىشقا، قاچانلاردىن باشلاپ بۇزۇ-
لۇپ ھازىرقىدەك بەزى بولار ـ بولماس
ناملارغا ئىگە بولۇپ قالغان؟...

ھەممىمىزگە مەلۇم، بىز 1930 ـ
يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن يۇر-
تىمىزدا مىلادىيە كالېندارىنى يولغا قويۇش-
قا باشلىدۇق . گەرچە يەنە مىنگو دائىرىلى-
رى «مىنگو يىلنامىسى»نى ئىشلەتمىسى-
مۇ، ئەمما بۇ كالېندار يەنىلا 1912 ـ يىلى
مىنگو قۇرۇلغاندا غەربلىكلەرنىڭ مەدەنى-
يەت تەسىرى ۋە خەلقئارا ئورتاقلىق ئاسا-
سىدا تۇرغۇزۇلغاچقا، ئەمەلىيەتتە ۋاقىتنى
ھېسابلاش جەھەتتىن مىلادىيە كالېندارى
بىلەن تامامەن ئوخشاش . پەقەت يىلنىڭ بې-
شىنى ئاتاشلا ئوخشىمايتتى . مەسىلەن :
مىنگونىڭ × يىلى × ئاينىڭ × كۈنى
دېگەندەك . ئەمما بۇ ئىككىلىسىنىڭلا خەل-
قىمىز مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى
تولىمۇ ئاجىز بولۇپ، پەقەت ھۆكۈمەت
تارماقلىرى ۋە ئاز بىر قىسىم مىللىي زىيا-
لىلىرىمىز بىلەن دېگۈدەك چەكلىنەتتى .
لېكىن 1949 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇم-
ھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ مىنگو يىلنامىسىنىڭ
ئورنىغا خەلقئارادا يىلسېرى ئورتاق ئىشلى-
تىلىۋاتقان مىلادىيە كالېندارى رەسمىي
دەسسىتىلدى . بۇنىڭ تەسىرى شۇنداق زور
بولدىكى، شۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇلغان كى-
شىلەرنىڭ نۇرغۇنى ئۆزلىرىنىڭ ھەتتا
ھىجرىيىنىڭ قانچىنچى يىلى، قايسى مۆ-
چەل يىلىدا، قايسى ئاينىڭ قايسى كۈنى
(مەسىلەن، ھىجرىيە ×××× يىلى،
توشقان يىلى، ماھىرەجەپنىڭ ×× كۈنى
دېگەندەك ) تۇغۇلغانلىقىنىمۇ بىلەلمەس بو-
لۇپ قېلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئومۇميۈز-
لۈك ھالدا ×× 19 ـ يىلى × ئاينىڭ ×
كۈنى تۇغۇلغان،... دەيدىغان بولۇپ كې-
تىشتى . بۇنداق ئەھۋال شەھەر، بازارلى-
رىمىزدا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى . شۇنىڭ
بىلەن بىزنىڭ مۇشۇ 50 نەچچە يىل مابەي-
نىدە تۇغۇلغان ئەۋلادلىرىمىزنىڭ تولىسى
ئۆزىنىڭ مۇچەل يىلى بويىچە تۇغۇلغان ئې-
نىق ۋاقتىنى ھەتتا تۇغۇلغان مۇچەل يىلى-
نىڭ نامىنىمۇ ئېنىق بىلەلمەس بولۇپ كې-
تىشتى . بىلسىمۇ چۈشەنمەس، مۇچەللەر-
نىڭ رېتىنى (تەرتىپىنى ) تۇرغۇزالماس
بولۇپ قالدى...

بىراق خەنزۇ خەلقى بۇ جەھەتتىكى
مەدەنىيىتىنى ناھايىتى قەدىرلىدى . ھەتتا
جۇڭگونىڭ سابىق باش مىنىستىرى جۇ
ئېنلەي مالىمانچىلىق بازار تاپقان ئاشۇ
1972 ـ يىلى ياپونىيىنىڭ سابىق باش
ۋەزىرى تاناكا كېيسو (تيەنجۇڭ جاۋرۇڭ )
بىلەن كۆرۈشكەندە ھەربىر جۇڭگولۇققا
ئورتاق نەرسىنىڭ «مۇچەل» ئىكەنلىكىنى
تىلغا ئالغانلىقى مەلۇم . 1979 ـ يىلىنىڭ
مابەينىدە دۆلەتنىڭ سولچىل سىياسەتكە
خاتىمە بېرىشى بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەر-
نىڭ ئېسىل مىللىي ئەنئەنىۋى مىراسلىرى-
غا داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىشىغا يول قويۇ-
لدى . شۇنىڭ بىلەن بىزدە نۇرغۇن پېشقە-
دەم زىيالىيلىرىمىزنىڭ تەكلىپى بىلەن نو-

رۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈشكە ئوخشاش بىرقاتار
ئەنئەنىۋى ھېيت - بايرام ، خاتىرىلەشلەر
ئەسلىگە كەلدى . «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە
«تۈركىي تىللار دىۋانى»غا ئوخشاش نۇر-
غۇن قىممەتلىك كلاسسىك ئەسەرلىرىمىز
ئاخىرى ئارىمىزدا يورۇق دۇنياغا
كۆز ئاچتى . ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى-
مىزنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئابدۇكې-
رىم رەھمان ۋە ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا
ئەپەندىلەر باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم زى-
يالىيلىرىمىز خېلىلا چوڭقۇر ئىزدىنىش-
لەرنى ئېلىپ باردى . ئەمما مۆچەل يىل
ناملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قوللىنىش
توغرىسىدا سۆز بولۇنمىدى . بىراق خەنزۇ
ۋە تىبەت خەلقى بۇ جەھەتتە ئالدىدا ماڭ-
دى . موڭغۇل خەلقىمۇ ئارقىدا قالمىدى .
يەنى ھەر يىلى بىر كېلىدىغان ئەتىيازلىق
چاغان (خەنزۇلار ۋە تىبەتلەر) ، نادام
(موڭغۇللار) ۋە باشقا تۈرلۈك ئەنئەنىۋى
مىللىي بايراملىرىنى مىللىي تۈس بىلەن
زامانىۋىلىقنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بارىدى-
غان بولدى . بولۇپمۇ خەنزۇلار بىلەن تى-
بەتلەر[4] ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئەنئەنىۋى
بايراملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كا-
لېندارى بويىچە ئۆتكۈزىدىغان ئادىتىنى
قايتىدىن تىرىلدۈردى . مەسىلەن : خەنزۇ-
لار چاغاندىكى كەشتىچىلىك ، قىيمىچى-
لىق ، مەسنەۋىچىلىك ، ھۆسنخەتچىلىك ،
رەسساملىق ، ھەيكەلتىراشلىق ، …
قاتارلىق تۈرلۈك - تۈمەن شەكىللەر بىلەن
ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىنى ياد
ئەتتى . بىز ئۇيغۇرلاردا بۇ جەھەتتە ئويغى-
نىش كەم بولغانلىقتىن ، ئۇلارنىڭ (ئاسا-
سەن خەنزۇلارنىڭ) بۇ پائالىيەتلىرىنى را-
دىئو - تېلېۋىزور ، گېزىت - ژۇرنال ۋە
كىتابلىرىمىزدا خەلقىمىزگە ئەينەن تەرجى-
مە قىلىپ تونۇشتۇرۇشقا توغرا كەلدى .
بىزنىڭ بارلىق خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە ،
ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەتلىرىمىزدە «
牛 » ، « 丑 »نى كالا ، « 龙 » ، « 辰 »
نى ئەجدىها ، « 猪 » ، « 亥 »نى چوشقا ،
… دەپلا ئىزاھلىغانلىقىمىزدىن 12 مۆچەل-
نىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشلىرىنى ئۇيغۇرچىگە
ئاشۇنداق «كالا يىلى» ، «ئەجدىها يى-
لى» ، «چوشقا يىلى» ،… دەپ ئاغدۇرۇپ
كۆنۈپ كەتتۇق . لېكىن ھازىرغىچە ھېچ-
كىممۇ بۇ خۇسۇستا پىكىر قىلىپ باقمى-
دى . شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كەلگۈسى ئىز-
باسارلىرىمىز بولغان كەڭ بالىلار ، ئۆس-
مۈرلەر ۋە ياشلار كىچىكىدىنلا ئۆزلىرىگە
ئەسلىدە پىششىق تونۇشلۇقى بولۇشقا تې-
گىشلىك بولغان ئۆزىمىزنىڭ مىللىي كا-
لېندارچىلىق ئادىتىدىن خەۋەرسىز قې-
لىپ ، باشقىلارنىڭ ئەنئەنىۋى كالېندارچى-
لىق ئادىتىگە چۈشەنمەستىن ھەۋەسلىنىدى-
غان بولۇپ كېتىشتى .…
ئەلۋەتتە ، مەن ياشلىرىمىز ۋە ئۆس-
مۈرلىرىمىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مى-
راسلىرىمىزنىڭ بەزىلىرىدىن خەۋەرسىز
قالغانلىقىنى ئەيىبلىمەكچىمۇ ئەمەس . بۇ-
نىڭدىكى باش جاۋابكارلىق ئۇلاردا ئەمەس ،
بەلكى بىزدەك تارىخشۇناسلار ، تىلچىلار ،
ئەدەبىياتچىلار ، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاغدۇرار-
مەن (تەرجىمان)لىرىمىزدىدۇر . ئۇلار
خەنزۇلار بىزدىن جانلىق ئۆزلەشتۈرگەن
ۋە بىزگە ئوخشاش ئىزچىل ۋارىسلىق قى-
لىپ كېلىۋاتقان بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئەسلى
ئىگىلىرىنىڭ بىز ئىكەنلىكىمىزنى ، «تۈر-
كىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق قەدىمكى ئە-
سەرلىرىمىزدىكى مۆچەل يىلنامىسىنىڭ
كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تارىخىي رىۋا-
يەتلىرىمىزنى[5] ، تىلىمىزنىڭ بىپايانلىقى-
نى ، بۇ مەدەنىيەتنىڭ مىلادىيىنىڭ خېلىلا
ئالدىدا بىزدىن ئىرانغا تارقالغانلىقىنى ،

ھۇن ـ ئۇنئۇغۇز تەڭرىقۇتلۇقىنى دەۋرىدىن باشلاپ خەن ئېلى تەۋەسىگە تارقىلىشقا باشلاپ، ھۇنلار مەغلۇپ بولۇپ ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرىدىن بىر قىسمى سەددىچىن بويلىرىدا 3 — 5 ئەسىرلەردە بىر قاتار خانلىقلارنى قۇرغان زامانلاردىن تارتىپ ئۇنىڭ خۇاڭخې بويلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى⑧ ۋە خەنزۇ خەلقىدە ئۇنىڭ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى، بىزنىڭمۇ قەدىمدىن تاكى يېقىنغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق يازما يادىكارلىقلىرىمىزدا مۇچەل يىلنامىسىنى قوللانغانلىقىمىزغا دائىر پاكىتلارنىڭ تولۇپ ياتقانلىقىنى ۋە باشقىلارنى بىلىشى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزگە دائىر مەسىلىلەردە ئىمكانقەدەر خاتالىق سادىر قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. بىز بۇنى كېچىكىپ بولسىمۇ تونۇغان ئىكەنمىز ھېلىھەم كېچىكمەيمىز. شۇڭا بىز يىتتۈرۈپ قويغان ۋە خاتا قىلىپ قويغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە دائىر بارچە مەسىلىلەردە باشقىدىن ئويلىنىشىمىز، ئۇلار ئىچىدىكى دەۋرىمىزگە ھېلىھەم ماس كېل[illegible]ان ئىلغار ئامىللارنىڭ بەزىلىرىگە ئەينەن، بەزىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك. 12 مۇچىلىمىزنى تونۇش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ باشقا تىللاردىكى ئاتىلىشىنى تىلىمىزغا ئاغدۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار ئىشلىرىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئەنە شۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن بىرىدۇر. بۇ جەھەتتە بىزنى ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلار كۈتۈپ تۇرماقتا. بۇ ئىشلار پەقەت كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ماقالە سەرلەۋھىسىدىكى سوئالغا ئاخىرى بېرىدىغان جاۋابىم شۇكى «كالا يىلى» ئەمەس، «ئۇي يىلى» دېيىلگىنى تۈزۈك. باشقا تۆۋەندىكى بىر قىسىم مۇچەل يىلى نامىلىرىمىزمۇ مېنىڭچە بۇ ھايۋانلارنىڭ باشقا خىل ئاتىلىشلىرىدىن پەرقلىق ھالدا ساپ ئانا تىلىمىزغا خاس، قەدىمكى ۋە بىرقەدەر ئومۇملاشقان، قېلىپلاشقان ئاتالغۇلار بىلەن تۇراقلىق ھالدا بىر خىللا ئاتىلىشى لازىم. مەسىلەن: «ئەجدىھا يىلى»نىڭ «ناك يىلى»، «ناك يىلى»، «لەھەڭ يىلى» (خوتەن، ... تەرەپلەردە بېلىق يىلى گاھىدا لەھەڭ يىلىمۇ دېيىلىدۇ) ۋە ياكى «تىمساھ يىلى» ئەمەس «بېلىق يىلى»، «چوشقا يىلى» ئەمەس («توڭغۇز ياكى توڭگۇز» يىلى)، «يولۋاس يىلى» ياكى «باس يىلى» ئەمەس «بارس يىلى»، «سەگ يىلى» (خوتەن تەرەپلەردە ئىت يىلى سەگ يىلىمۇ دېيىلىدۇ) ئەمەس «ئىت يىلى»، «مايمۇن يىلى» ئەمەس، «بىچىن يىلى» (بىچىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، مەنىسى ئەرەبچىدىكى مايمۇن سۆزىگە توغرا كېلىدۇ)، «ساچقان يىلى» ئەمەس (خوتەن، ئاتۇش، ... تەرەپلەردە چاشقان ساچقان دېيىلىدۇ) چاشقان يىلى» (باشقا مۇچەل ناملىرىغا قارىتا باشقىچە پىكىردە ئەمەسمەن)، ... دەپ ئاتاش ۋە يېزىش لازىم. ئاخىرىغا قوشۇپ قويىدىغىنىم، ئۇيدىن ئۆزگە مۇچەل نامى قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ باشقىچە ئاتىلىشلىرى ئۈستىدە ئۇلاردىمۇ «ئۇي يىلى» ھەققىدە قىلىنىۋاتقان پىكرىم بىلەن زور دەرىجىدىكى ئوخشاشلىق بولغىنى ئۈچۈن ماقالىنىڭ ھەجىمىنى كۆزدە تۇتۇپ ئايرىم توختالمىدىم. بۇ جەھەتتە ئوقۇرمەنلەر دېمەكچى بولغانلىرىمنى چۈشىنىدۇ دەپ ئويلايمەن.

ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەزكۇر ماقالە مۇئەللىپىنىڭ شەخسىي كۆزقارىشى بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ بۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان كۆزقاراشلىرىنىڭ بولۇشى تەبىئىي. مۇئەللىپ بۇ مەسىلىگە قىزىققۇچىلارنىڭ ئۆز كۆزقاراشلىرىنى مەتبۇئات يۈ-

زىدە ئۇچۇق ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ساھەدىكى لايىھىمىزنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر تارىخىي، تىل ۋە ئىجتىمائىي ئاساسلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

**ئىزاھ :**

①⑤ مەھمۇد كاشغەرى : «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 62 بەت ۋە 1 ـ توم 449 ـ 452 ـ بەتلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە

② «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە)نىڭ 1999 ـ يىللىق سانلىرىدا ۋە 2000 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا نۇرۇللا مۇئمىن يۇلغۇن ۋە ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىنلەرنىڭ نەشرىگە تەييارلىشىدا ئېلان قىلىنغان تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر (مىلادى 8 — 15 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىغا تەئەللۇق)نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىلىرىگە قاراڭ. يەنە ئۇرخۇن ۋە ئېنىساي مەڭگۈ تاشلىرىمىزدىكى پۈتۈكلەرنىڭ تېكىستى بېرىلگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»غا قاراڭ.

③ بۇنىڭغا موللا ھاجىنىڭ «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»نى، موللا ئەسمەتۇللا بىننى نىمەتۇللا مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن»، موللا مىرسالىھ كاشغەرىنىڭ «چىڭگىزنامە»، مۇھەممەدنىياز ئىبنى ئابدۇغەفۇرنىڭ «قىسسەسۇل غەرايىب» قاتارلىق بىرتالاي كىتاب ـ نامىلەرنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

④⑥ لياڭ گونىڭ : «ئون ئىككى مۇقەل ھەققىدە قىزىقارلىق ئىشلار». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى. ئۇيغۇرچە. 115 ـ 123 ـ بەتلەر ۋە 1 ـ بەت.

## ماقال تەمسىللەر*

△ پايدىسى يوق بايدىن قاچ،
پاناسى يوق سايدىن.

△ مالامەت، ھەق بولساڭ سالامەت.

△ ئىتنى تەپسەڭ ئىگىسىگە تېگىدۇ.

△ يېپنى ھەرقانچە بويىغان بىلەن يىپەك بولماس.

△ ئىپار پۇرىقىنى يوشۇرۇپ بولماس.

△ يىلان ئۆز زەھرىدىن ئۆلمەس.

△ ئىككى ئەخمەق تۇغمەندە ئۇرۇشار.

△ زەھەر چاچقان يىلان ئايلىنىپ كېتەلمەيدۇ.

△ جاھىل ـ دۈشمەن،
ئەقىل ـ دوست.

* ئۆزبېكچە «ھېكمەتنامە»دىن ئېلىندى

# مىنگو يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر كوتۇپخانىچىلىقى

گۈلنار ئەزىز

شىنخەي ئىنقىلابى ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭدا بىر قېتىملىق مەدەنىي ئويغىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. ئەنئەنىۋى ئىسلام دىنى مائارىپى، شۆتاڭ مائارىپى ۋە يېڭىچە پەننىي مائارىپ بىرلىكتە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. بۇنىڭ بىلەن مائارىپنىڭ رېئال تۇرمۇش بىلەن بولغان ئالاقىسىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېقىنلىشىش بولغان.

XX ئەسىر كىرگەندىن كېيىنكى بىرىنچى قېتىملىق مەدەنىي ئويغىنىش بىلەن 1933 - يىلى كۆتۈرۈلگەن 2 - قېتىملىق مەدەنىي ئويغىنىش دەۋرىگە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭ كوتۇپخانىچىلىق ساھەسىدە مۇنداق بىر ئالاھىدىلىك بولغان. ئۇ بولسىمۇ بىر قىسىم ئۆلىما - زىيالىيلار خۇسۇسىي كوتۇپخانىلىرىنى كېڭەيتىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە نەچچە مىڭ، ھەتتا 10 مىڭ پارچىلاپ كىتاب جەملەپ، كىتاب خۇمارلار ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. بۇنداق خۇسۇسىي كوتۇپخانا ئاچقانلاردىن قەشقەردە تەجەللى (1856 — 1925)، ئابدۇقادىر داموللام (1854 — 1924)، موللاخۇن ھاجىم (1870 — 1932)، قۇتلۇق شەۋقى (1876 — 1937)، تاشاخۇنۇم ئەزىزى (1865 — 1928)، مىرزا ئەھمەد مەخسۇم (ئەپەندى مەخسۇم، 1863 — 1943)، مۇھەممەد پەيزى (1907 — 1957)، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم (1870 — 1955) ئىمىر ھۇسەيىن قازى (1900 — 1985)، ئابدۇرەھمان قاسىمھاجى (1897 — 1968)، غۇلجىدا نەزەرخوجا (1887 — 1957) قاتارلىقلار، يەنە شىنجاڭدىكى باشقا شەھەرلەردىمۇ بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ كوتۇپخانىلىرىدا قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردىن تارتىپ يېقىنقى زامان ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ساقلانغان. مەسىلەن، ئابدۇقادىر داموللام 1910 — 1924 - يىللارغىچە ئۆز كوتۇپخانىسىدا «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»، «قۇتادغۇ بىلىك» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ساقلىغان. بەزى كوتۇپخانىلاردا كۆپ ئەسەرلەر بولغان. مەسىلەن، موللا ئاخۇن ھاجىم كوتۇپخانىسىدا ئون مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر ساقلانغان[①]. خۇسۇسىي كوتۇپخانىلاردا دىنىي كىتابلار، شىنجاڭ ئاپتورلىرىنىڭ كىتابلىرى ساقلىنىپ قالماستىن، بەلكى، ئۆز زامانىسىدىكى دۇنياۋى بىلىم-

---

① «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1998 - يىلى، 3 - سان، 19 - بەت.

لەرگە دائىر كىتابلارمۇ بولغان . مەسىـ
لەن ، «تاشاخونۇم ۋە ئۇنىڭ تۆھپىكار
ئەۋلادلىرى» ناملىق كىتابتا تاشاخونۇم
كۇتۇپخانىسى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق
دېيىلگەن : « (تاشاخونۇمنىڭ ) تەتقىقات
ئورنى ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان كونا كىـ
تابخانا بولۇپ ، كىتابخانا ئۆيىنىڭ 36
تەكچىسىگە كىتاب تىزىلغان ئىكەن . بۇ-
نىڭ كۆپ ساندىكىسى دىنىي كىتاب بولغان-
دىن سىرت ، يەنە دۇنيانىڭ ئەڭ يېڭى ئىـ
لىم - پەن تېخنىكىسىغا ئائىت پەننىي
كىتاب ۋە گېزىت - ژۇرناللارمۇ بار ئىـ
كەن . كېيىن تاشاخونۇم قەشقەر شەھىرى-
دىكى ئۆيىدە يەنە بىر زامانىۋى كىتابخانا
سالغان . ئۇمۇ ئاتۇشتىكىگە ئوخشاش بو-
لۇپ ، كىتابخانا ئۆيىنىڭ تۆت تېمى توق-
قۇزدىن 36 تەكچە بىلەن پۈتكەن . بۇ كىـ
تابخانىمۇ ھەر خىل كىتابلار ۋە مەجمۇئە-
لەر بىلەن تولغان .»

ئومۇمەن ، خۇسۇسىي كۇتۇپخانىلار ئەينى زاماندا كىشىلەرنىڭ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلغان . شۇنداقلا ئېزىلگۈچى خەلقنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىشتا ، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى تەربىيىلەشتە ، داڭلىق ئۆلىما ، مۇددەرىس ، شائىر ، تېۋىپلارنى ۋە باشقا ئالىملارنى يېتىشتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان .

(2)

1933 - يىلى 12 - ئاپرېل ئۈرۈمچىدە جىن شۇرېننىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالدى . شېڭ شىسەي سېپى ئۆزىدىن سىياسىي قارا نىيەتچى بولسىمۇ ، ساختا نىقابلىنىپ ، ۋەزىيەتنى تۇراقلاشتۇرۇش ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى ئوتتۇرىغا قويدى . بۇ مەدەنىيەت ، تەشۋىقات ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى جانلاندۇرۇشنى پايدىلىق ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى . يەنى «12 - ئاپرېل» ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ، شىنجاڭدا يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى كەڭ كۆلەمدە قانات يېيىشقا باشلىدى . بۇ مەدەنىيەت - مائارىپ ، ئەدەبىيات - سەنئەت ، نەشرىياتچىلىق ، كىنوچىلىق ، كۇتۇپخانىچىلىق ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ ھەممىسىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ ، دەسلەپكى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئورۇنلاردا مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى .

ئۇيۇشمىلارنىڭ قۇرۇلۇشى كۇتۇپخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى . 1938 - يىلى ئۈرۈمچىدە مەركىزىي ئۇيۇشما قارمىقىدا تۇنجى قېتىم «ئۈرۈمچى مەدەنىيەت يۇرتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن ، 1941 — 1943 - يىللىرىغىچە ۋىلايەت ، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلاردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن مەدەنىيەت يۇرتلىرى بارلىققا كەلدى . مەدەنىيەت يۇرتلىرى قارمىقىدا قىرائەتخانىلار تەسىس قىلىندى .

بۇ يىللاردا قۇرۇلغان مەخسۇس كۇتۇپخانىلار ئىچىدە 1933 - يىلى (بەزى ماتېرىياللاردا 1932 - يىلى ) قۇرۇلغان قەشقەر شەھىرى ئەنجان رەستىسىدىكى «مىللەت كۇتۇپخانىسى» ، 1938 - يىلى قۇرۇلغان قەشقەر شەھىرىدىكى «ئويغۇر ئۇيۇشما كۇتۇپخانىسى» ۋە «مىنجياۋگۈەن» (ئاۋام مائارىپ سارىيى ) كۇتۇپخانىسى ، 1945 - يىلى قۇرۇلغان ئۈرۈمچىدىكى «يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۇتۇپخانىسى» قاتارلىقلار جەمئىيەتتە تەسىرى چوڭ بولغان كۇتۇپخانا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

بۇ يەردە شۇ نەرسىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى ، ئەينى يىللىرى (1933 - يىللاردىن كېيىن ) ئۈرۈمچىدە بىر قاتار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى ۋە شىنجاڭ ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپ-

لەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ قارىمىقىدىمۇ كۇتۇپخانىلار بولۇپ، بۇلار «2 - دەرسخانا»لىق رولىنى ئوينىغان.

(3)

1944 - يىلى 8 - ئايلاردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي تەۋەلىرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، ئىدېئولوگىيە، جۈملىدىن كۇتۇپخانىچىلىق ساھەسىدە دەۋر بۆلگۈچ يېڭىلىنىش بولدى. خەلق ئاممىسى ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر زۇلۇمنى ئەكسىيەتچى دائىرىلەرنىڭ چوڭ سىياسىي تۈزۈمىدىن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆز غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن قېلىپ قالغان كىتاب - ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، كۇتۇپخانىلارنى تاقىۋەتكەن. تا 1947 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە كۇتۇپخانا ئېچىلمىغان. كىتاب - ژۇرنال كۆرگۈچىلەر جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى ۋە پۇقرالار ئۇيۇشمىسىنىڭ كۇتۇپخانىلىرىغا بېرىپ كۆرگەن.

1947 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەھمەدجان قاسىمىنىڭ كۇتۇپخانا قۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىغا بىنائەن ئىلى ۋىلايەتلىك ياشلار تەشكىلاتى قورۇسىدا ئۈچ ۋىلايەت بويىچە تۇنجى كۇتۇپخانا قۇرۇلغان. ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان 3000 پارچىدەك يېڭى كىتاب ۋە ئىلىدا نەشر قىلىنغان بىر قاتار گېزىت - ژۇرناللار، ئۆتمۈش ۋە ئۆز زامانىسىدا ياشىغان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىگە تەۋە ئەسەرلەر، ئەرەب پارس تىلىدىكى كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەر قويۇلغان.

1949 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نۇرغۇن ماركسىزم - لېنىنىزمغا ئائىت ئەسەرلەر، ئىلغار يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى، گېزىت - ژۇرناللار، ئىشلەپچىقىرىش ۋە پەن - تېخنىكىغا دائىر كىتابلار، دەرسلىكلەر كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن كۇتۇپخانىدىكى كىتابنىڭ سانى 10.000 پارچىدىن ئاشقان.

ئالتاي، چۆچەك ۋىلايەتلىرىنىڭ كۇتۇپخانىچىلىق ئىشلىرىمۇ ئىلى كۇتۇپخانىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تېز راۋاجلانغان.

دېمەك، ئۈچ ۋىلايەت بويىچە تەشكىل قىلىنغان كۇتۇپخانا جەمئىي 396 ئورۇندا بولۇپ، ئۇنىڭدىكى سىياسىي - ئىجتىمائىي كىتابلارنىڭ ئومۇمىي سانى 9127 گە، ئەدەبىي كىتابلارنىڭ ئومۇمىي سانى 7485 كە، باشقا تۈردىكى كىتابلارنىڭ ئومۇمىي سانى 21 مىڭ 944 كە، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ سانى 35 مىڭ 620 كە يەتكەن[1].

ئومۇمەن، مىنگو يىللىرىدا شىنجاڭدىكى كۇتۇپخانىچىلىق خۇسۇسىي كۇتۇپخانىلار، ئاممىۋى كۇتۇپخانىلار ھۆكۈمەت كۇتۇپخانىلىرى بولۇپ بىرقانچە خىل ئالاھىدىلىك بويىچە تەرەققىي قىلغان. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتى، سىياسىي كەيپىياتى، مائارىپ، سودا - ئالاقە، ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

(ماقالە ئاپتورى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ)

---

① شېرىپ خۇشتار: «ئۈچ ۋىلايەت كۇتۇپخانىچىلىقى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ،36 - سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىلى نەشرى.

# ئوپالنىڭ يېقىنقى زامان سەنئەت ئىشلىرىغا دائىر قىسقىچە ئەسلىمە

سىدىق مۇسايوف سۆزلەپ بەرگەن
غەيرەتجان ئوسمان خاتىرىلەپ رەتلىگەن

ئوپال يېزىسىدا 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن باشلاپ يېڭىچە سەنئەت ئىشلىرى دۇنياغا كېلىپ ، 1950 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان . ئوپال سەنئەت كۇرۇژۇكىنىڭ ئىلغار سەنئەت پائالىيەتلىرى قەشقەر ، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ سەنئەت ، مەدەنىيەت ساھەسىدە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان .

ئوپال يېزىسى ــ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە تەۋە بولۇپ ، قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 45 كىلومېتىرچە كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان . پامىر تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىن ئورۇن ئالغان بۇ يېزىنىڭ ھاۋاسى ساپ ، تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل . ئادەملىرى ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە ئەمگەكچان .

ئوپال يېزىسىدا تارىختىن بېرى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن . ئوپاللىقلار ئىلىم ـ مەرىپەت ، سەنئەت ئىشلىرىغا خۇشتار خۇشچاقچاق ، ئويۇن ـ تاماشىغا ئامراق بولۇپ ، تارىختا بىر مۇنچە داڭلىق ناخشىچىلار ، سازەندىلەر ، قىزىقچىلار ، لەتىپىچىلەر ، مەدداھلار ئۆتكەن .

1933 ـ يىلىدىن باشلاپ ، شىنجاڭ مىقياسىدا ئومۇمييۈزلۈك باشلانغان يېڭىچە پەننىي مەكتەپ قۇرۇش ، سەنئەت ئۆمەكلىك رولىنى ئوينىغان . «سانايىنەفىسە»لەرنى تەشكىللەش ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىلىكىدە ئوپال يېزىسىدىمۇ يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن سەنئەت كۇرۇژۇكلىرى دۇنياغا كەلدى .

ئوپال سەنئەت كۇرۇژۇكى (ئۆمىكى)نىڭ بارلىققا كېلىشى يېڭىچە پەننىي مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . شۇڭا سەنئەت ئىشلىرى توغرۇلۇق سۆزلەشتىن بۇرۇن يېڭىچە مائارىپ ئىشلىرى توغرۇلۇق توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

ئوپالدا قەدىمدىن بېرى دىنىي مەكتەپلەر بولغان . ئوپالدا ياشىغان ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى (1020 — 1117 ) تەسىس قىلغان «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە»دىن ھېسابلىغاندىمۇ ، ئوپالدىكى ئىسلام دىنىي ئوقۇتۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاز كەم 1000 يىل بولدى . 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆز نوپۇزى ۋە تەسىرىنى كۈچلۈك ساقلاپ كەلگەن دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئەھۋالىنى زامانىمىزدىكى

پېشقەدەم كىشىلەر ئەسكە ئالالايدۇ . دىنىي
مەكتەپلەردە ئوقۇغان تالىپلارنىڭمۇ جەم-
ئىيەتتە بەلگىلىك تەسىرى ۋە ئورنى بول-
غان . ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى يۇرتىنىڭ
دىنىي ـ شەرئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرغاند-
ىن باشقا ، ئەۋلادلارغا دىنىي تۇس ئالغان
ئىلىم ـ مەرىپەت بىلىملىرىنى بېرەتتى .
ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئىلىم نۇرىنى چاچاتتى .
شۇڭا ، كونا جەمئىيەتتە مەۋجۇد بولغان
دىنىي مەكتەپلەرنىڭ رولىنى پۈتۈنلەي
ئىنكار قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ .

1931 ـ يىلى قۇمۇلدا دېھقانلار قوز-
غىلىڭى پارتلىدى . بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ-
نىڭ سىياسىي ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىدە يەنە
بىر قېتىم بۇرۇلۇش بولدى . خەلق ئارد-
ىسىدا سىياسىي ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش
خاھىشى يېتىلىۋاتىدىن ئۆستى . بەزى ئىل-
غار ، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر خەلق ئام-
مىسىنى ئويغىتىشنىڭ ئامال ـ چارىلىرد-
نى تېپىش ئۈچۈن تېخىمۇ ئەتراپلىق پى-
كىر يۈرگۈزدى . قەشقەردە كونا دىنىي
مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇشىنى ئىسلاھ قى-
لىش ، يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنى يېڭ-
ۋاشتىن قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ، يې-
ڭىچە مەتبەئەنى راۋاجلاندۇرۇش ، گېزىت-
چىلىك ئىشلىرىنى روناق تاپقۇزۇش بويى-
چە بەزى خىزمەتلەر ئىشلەندى .

1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قەشقەر
ۋىلايەتلىك «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇ-
يۇشمىسى» قۇرۇلغان . ئۇيۇشما ئەزالىرى
مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن
مەدرىس ، جامەلەردە ئوقۇۋاتقان تالىپلار ۋە
جەمئىيەتتىكى ساۋاتلىق كىشىلەرنى ،
جۈملىدىن ياشراق مۇددەرىس ، خەلپەتلەر-
نى يىغىپ ، قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئې-
چىپ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ يېتىشتۈر-
دى . مۇشۇ چاغدا ئوپالدىن 1 ـ قېتىملىق
كۇرسقا سەيدۇللا ھاجى ، 2 ـ قېتىملىق
كۇرسقا سىدىق مۇسايوف بېرىپ ، 3 ئاي-
دىن ئوقۇپ قايتقان .

بۇ چاغدا ئوپالدا يېڭىچە پەننىي مەك-
تەپ قۇرۇشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى جىد-
دىي ئىشلىنىۋاتاتتى . بۇنىڭ ئاساسىي يې-
تەكچىسى ئۆمەر ئابدۇزاھىر داموللام
(1892 — 1951) ئىدى . بۇ كىشى قەش-
قەر خانلىق مەدرىسى ۋە ئۆزبېكىستانغا
چىقىپ ، بۇخارا مەدرىسىدە ئوقۇغان . ئۆز-
بېكىستاندا ئوقۇش جەريانىدا سوۋېت دۆلى-
تىدە بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش-
لەر ، سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى تى-
رىشچانلىقلار ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم-
نىڭ كىشىلەر ئىدېئولوگىيىسىگە كۆرسى-
تىۋاتقان تەسىرلەرنى كۆرگەن . بولۇپمۇ
ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى بىۋاسىتە كۆرۈش
ئۆمەرگە نىسبەتەن ئالاھىدە بىر ۋەقە بو-
لۇپ قالغان . ۋەتەنگە قايتقان كەلگەندىن
كېيىن ، جەمئىيەتنى ئاقارتىش ، خەلق ئا-
رىسىغا يېڭىچە ئىلىم ـ مەرىپەت نۇرىنى
چېچىش ئىستىكىدە بەزى تەشۋىقىي ـ تەر-
غىبات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان .
1934 ـ يىلى «ئوپـال ئىپتىدائىـي ئى-
لىم ـ ئىرپان مەكتىپى»نى قۇرۇپ ، ئۆ-
زى مۇدىر بولغان . مەزكۇر مەكتەپتە
«يۇرت بىلگىسى» (يۇرت نامىلىرى) ئىل-
مى ، ھېساب ، ئىملا ، تىل ، دىن قاتارلىق
دەرسلەر ئۆتۈلگەن . ئۇ 1934 ـ يىلى تۇن-
جى بولۇپ ئوپال بازار مەكتىپىنى سال-
دۇرغان . بۇ ئىككى سىنىپلىق بولۇپ ،
60 بالا قوبۇل قىلىنغان . ئۆتۈلىدىغان
دەرسلەر تىل ـ ئەدەبىيات ، تارىخ ، جۇغرا-
پىيە ، رەسىم ، تەنتەربىيە ، ناخشا ، دىن
قاتارلىقلار ئىدى . بۇ ئوقۇغۇچىلارغا سەي-
دۇللا ھاجى باش مۇئەللىم ، سىدىق مۇسا-
يوف ياردەمچى مۇئەللىم بولۇپ دەرس ئۆت-
كەن . 1937 ـ يىلىغىچە قۇمباغ ، يۆل-
جىگدە ، دۆغلات ، كۆكچى ، قەدەمجاي ،

ياغدۇ قاتارلىق جايلاردا مەكتەپ سېلىنغان بولۇپ ، ئوپال بازار مەكتىپىدە ئوقۇغانلار شۇ مەكتەپلەرنىڭ تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرى بولۇپ قالغان .

1934 — 1935 - يىللىرى ئوپالدا «ئوپال ئۇيغۇر شۆبە ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلغان . بۇنىڭغا ئۆمەر داموللام مۇدىر بولغان . (ئۆمەر داموللام 1937 - يىللىرىدىن كېيىن خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىگە ھاكىم ، 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىگە باشلىق ، 1947 - يىلدىن 1950 - يىلغىچە قەشقەر ۋىلايىتىگە ۋالىي بولغان . ) ئۇيۇشمىنىڭ قۇرۇلۇشى مائارىپ - ئاقارتىش ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغىمۇ ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن .

«ئوپال ئۇيغۇر شۆبە ئۇيۇشما» قۇرۇلغاندا ، تەشۋىقات - مەدەنىيەت بۆلۈمى ، مۇپەتتىشلەر بۆلۈمى ، مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان . تەشۋىقات - مەدەنىيەت قارىمىقىدا ئويۇن قويۇش كۇرۇژوكى تەشكىل قىلىنىپ ، مەكتەپتە ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار ، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى سەنئەتتە قابىلىيىتى بارلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئۇيۇشمىنىڭ ئامبىرى قىلىنغان ھويلىنى شاخ - شۇمبىلار بىلەن چەللە قىلىپ يېپىپ ، ئاستىنى تاختايلىق ، ئۈستىنى بورا بىلەن چۈمكەپ سەھنە ياساپ ، شۇ يەردە ئويۇن قويۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغان . بۇ 1935 — 1936 - يىللىرى ئىدى . ئويۇن نومۇرلىرىنى تەشكىللەش ، گىرىم قىلىش ئىشلىرىنى سىدىق مۇسايوف ھېجىرگەن . دەسلەپكى تەييارلانغان نومۇرلار قىزىقارلىق كومېدىيە ، لەپەر ، كونسېرت قاتارلىق ئۇنىۋېرسال تىياتىرلار بولۇپ ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن ، «لۇگۇچاۋ ۋەقەسى» ، «كورەش دولقۇنى» ، «قانلىق داغ» ، «قىزىل ئارمىيە» ، «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ» ، «ساۋاتسىزلىقنىڭ زىيىنى» ، «شانلىق غەلىبە» ، «چىمەنگۈل» ، «پارتىزانلار ئەترىتى» ، «مونىكىباي» ، «رابىئە - سەئىددىن» ، «غېرىب - سەنەم» ، «تاھىر - زۆھرە» ، «لەيلى - مەجنۇن» ، «بادام قاپاق» (لەپەر) قاتارلىق يىرىك درامىلار ئوينالغان . ئوپالنىڭ دەسلەپكى تىياتىرچىلىق سەنئىتىدە باشلامچى بولغانلار ئىبراھىم يۈسۈپ ، خوجا يۈسۈپ ، مەمتىمىن ئەمەت ، قادىر توختىھاجى ، مەمەت زۇنۇن قاتارلىقلار ئىدى . دەسلەپ ئاياللارنىڭ سەھنىدە رول ئېلىشى چەكلەنگەچكە ئەمەت مەمەت ، ئوبۇلقاسىم ساۋۇت ، مەمتىمىن بەكرى قادىر توختىھاجى قاتارلىقلار ئاياللارچە ياسىنىپ ۋە گىرىم قىلىپ ، سەھنىدە ئاياللارنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقىپ ، ئوپالنىڭ سەنئەت ساھەسى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا زىلزىلە پەيدا قىلغان ئىدى . 1939 - يىللىرىدىن كېيىن ، ئاندىن ئاياللار سەھنىگە چىقىشقا باشلىغان . دەسلەپ قىلىپ سەھنىگە چىققان ئاياللاردىن شەرۋان ماموت ، نۇرنىسا ماموت ، خەيرىنىسا داۋۇت ، نىسا قۇربان ، مارەمنىسا ماموت ، مەرەمنىسا ياسىن ... قاتارلىقلار .

1938 - يىلى ئوپال بازاردا ئۆز دەۋرىگە يارىشا زامانىۋى بىر كۇلۇبنىڭ سېلىنىشى ئوپال ، جۈملىدىن قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، زور ۋەقە بولۇپ ، كېيىنكى چاغلاردا ئوپالدىن داڭلىق سەنئەتچىلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن چىقىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى بولۇپ قالدى .

بۇنداق كاتتا كۇلۇبنى سېلىش ئۈچۈن ئۇيۇشما بىر قۇرۇلۇش ھەيئىتى تەشكىل

قىلغان . تەشۋىقات ، مالىيە ، تەكشۈرۈش
خادىملىرى تەيىنلەنگەن . بۇ قۇرۇلۇشقا
ھەززى ھاجى دېگەن كىشى كونكرېت مەس-
ئۇل بولغان . كۇلۇبقا كېتەرلىك يەرنى
يۇرت كاتتىلىرىدىن سۇلايمان قازى ئىئانە
قىلغان . ئۇ ئىلگىرى مەكتەپ سېلىش ئۇ-
چۇن ئۇن مو يەر ھەدىيە قىلغان بولۇپ ،
كۇلۇبقا يەنە ئىككى مو يەر بەرگەن . ئىل-
گىرى يەر بەك قىممەت بولۇپ ، 12 مو يەر
ناھايىتى قىممەت پۇلغا يارايتتى . بۇ كۇ-
لۇب ئۆز زامانىسىغا قارىتا كاتتا قۇرۇلۇش
بولۇپ 500 كىشىلىك ئويۇن كۆرۈش زا-
لى ھەمدە زالغا تۇتاشقان گىرىم ئۆيى ،
قىرائەتخانا ، كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيى ،
دەم ئېلىش ئۆيى قاتارلىق يۇرۇشلەشكەن
ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان . بۇ زامانىۋى
كۇلۇبنىڭ تامچىلىق ، ياغاچچىلىق ، سۇ-
ۋاقچىلىق ، تۆمۈرچىلىك ، نەققاشلىق
ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى يەرلىك ئۇستى-
لار ئىشلىگەن . بۇنىڭدا ئىلگىرى سوۋېت
ئىتتىپاقىغا بېرىپ ، مەلۇم ۋاقىت تۇرۇپ
كەلگەن مامۇت ياغاچچى ۋە ئابابەكرى يا-
غاچچىلارنىڭ تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بول-
غان . ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ جاپالىق
ئىشلىشى نەتىجىسىدە كۇلۇب ئۈچ ئايدا
پۈتكەن . بۇ كۇلۇب ئازغىنە كەم 50 يىل
ئوپال سەنئىتىنى كۆرەك قىلىدىغان ئا-
ساسلىق مەيدان سۈپىتىدە خىزمەت قى-
لىپ ، 1986 ـ يىلىغىچە ئۆزىنىڭ تارى-
خىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان .

يۇلجىگدە ئوپال بازىرىغا 12 كىلو-
مېتر كېلىدىغان جايدىكى بىر كەنت بو-
لۇپ ، بۇ يەردىكىلەر دەسلەپ ئوپالدىكى
زالغا كېلىپ ئويۇن كۆرۈپ قايتىپ كېتەت-
تى . بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇزلى-
رى بىر زال سېلىش قارارىغا كېلىشكەن .
1939 ـ يىلى مەرھۇم مائارىپچى قاسىم
رەھىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئوپال بازار-
دىكى زالغا ئوخشاش بىر كۇلۇب سېلى-
نىپ ، ئىشلىتىلگەن . كۇلۇپ پۈتكەندىن
كېيىن بىرقانچە يىلغىچە ئوپال شۆبە ئۇي-
غۇر ئويۇشمىسىنىڭ ئارتىسلىرى ئويۇن
قويۇپ تۇرغان . 1940 ـ يىللىرى يۇل-
جىگدە مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى
ھەرىكەتكە كېلىپ ، ئويۇن تەييارلاپ ،
سەھنىگە ئېلىپ چىققان . ئۇلارنىڭ ئويۇن-
لىرى ئوپال شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئارتىس-
لىرى ئورۇندىغان ئويۇنلار بىلەن ئوخشاش
بولغان .

ئەينى چاغدا ئوپال تەۋەسىدە 16 مىڭ
نوپۇس بولۇپ ، يۇلجىگدىدە بولسا بەش
مىڭ ئەتراپىدا ئىدى . يۇلجىگدىدەك كى-
چىك ، چەت بىر كەنتتە ھازىرقى ۋاقىت-
تىن 60 نەچچە يىل ئىلگىرى زامانىۋى
بىر كۇلۇبنىڭ سېلىنىشى شىنجاڭنىڭ مە-
دەنىيەت ، سەنئەت ساھەسى ئۇچۇن ئېلىپ
ئېيتقاندا ئالاھىدە تىلغا ۋە خاتىرىگە ئېلىپ
ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر ھادىسە بو-
لۇپ ھېسابلىنىدۇ .

1939 ـ يىلى قەشقەر كونىشەھەر
ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئوپال ،
تاشمىلىق ، بۇلاقسۇ قاتارلىق ئۈچ يېزا
(رايون )دا بىرلەشمە شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇش-
مىسى قۇرۇلغان . تاشمىلىقتىكىلەر ئوپال-
نىڭ تەجرىبىسى ئاساسىدا ، تاشمىلىق
مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇرەھىم قاسىم ، تاش-
مىلىق شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشما مۇدىرى قا-
سىم تاش ، ئۈچ رايون شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇش-
مىنىڭ مۇدىرى سىدىق مۇسايوف ۋە باشقا
بەزى يېڭىلىق ياقلىغۇچىلار ، تەرەققىيپەر-
ۋەر كىشىلەرنىڭ رىياسەتچىلىك قىلىشى ،
كەڭ ئاممىسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جە-
ھەتتە قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن 1940 ـ
يىللىرى تاشمىلىق رايونىنىڭ مەركىزىدى-
مۇ بىر يۇرۇشلەشكەن كۇلۇب پۈتكۈزۈ-
لۈپ ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغان . بۇنىڭغا

500 دىن ئارتۇق ئادەم سىغاتتى . تاشمىلىقتىكى ئويۇننى يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىن تەشكىللەنگەن سەنئەتچىلەر تەييارلىغان . ئۇلار تەييارلىغان نومۇرلارنى چوڭ كۇلۇبتا قويۇپ بېرىپلا قالماستىن ، بەلكى ھەرقايسى كەنت ـ مەھەللىلەرگىچە ئېلىپ بېرىپ سەييارە ئويۇن كۆرسەتكەن . تاشمىلىقنىڭ سەنئەت ئىشلىرىدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىشلىگەن ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ ، بۇنىڭ ئىچىدە ئابدۇرېھىم باقىنىڭ خىزمىتى بىرقەدەر گەۋدىلىك ، ئۇ ھەم تەشكىللەش خىزمىتىگە قاتناشقان ھەم سەھنىدە رول ئالغان ، ھەم ساز چالغان .

ئوپالنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنى دەسلەپ سىدىق مۇسايوف تەشكىللەپ ، يۇرۇشلەشتۇرۇشكە يېتەكچىلىك قىلغان . ئۇچ رايون شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلغاندا ، ئۇنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان خوجا ئابدۇرەھمان مەخسۇس سەنئەت ئىشلىرىنى تۇتۇپ ، كۆرۈنەرلىك خىزمەت ئىشلىگەن . ئوپالدىكى سەنئەت كۇرۇژۇكلىرى 1950 ـ يىللارغىچە مەۋجۇد بولۇپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن ، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قېتىۋېتىلگەن .

ئوپال رايونىدا سەنئەت ئىشلىرىنى يۇرۇشلەشتۇرۇش ئۇ ئوڭاي بولغان ئەمەس . ئۇنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى قاتمۇ ـ قات قېيىنچىلىقلار ئوراپ تۇراتتى . دەسلەپ يېڭىلىق تەرەپدارى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ، پەن ۋە دىندىن خەۋىرى بار ، ئوپالدا بەلگىلىك نوپۇز ۋە تەسىرگە ئىگە ئۆمەر داموللا ئوپال شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ تۇرغان چاغلاردا تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر بىلەن مۇتەئەسسىپ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت گاھ ئۇرلەپ ، گاھ پەسىيىپ تۇرغان . 1936 ـ يىلى ئوپالدىكى بەزى دىنىي كۇچلەر ھەرىكەتلىنىپ ، ئۆمەر داموللىنى خىزمىتىدىن قالدۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا دىنىي مۇتەئەسسىپ ھاجى ئەلەمنى شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىر قىلىپ بەلگىلىگەن . بۇنىڭ بىلەن يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەردە ئۆتۈلۈۋاتقان پەننىي دەرسلەرگە قوشۇلغان دىنىي دەرسنىڭ سالمىقى ئېغىرلاشقان . ھاجى ئەلەم (ھاجى ئەمەت ئەلەم ) ئەسلى ئوپال مەھكىمە شەرئىينىڭ ئەلەم ئاخۇنۇمى ئىدى . ئۇنىڭ يېڭى پەندىن ئاساسەن خەۋىرى يوق . ئۇ ئۇيۇشما مۇدىرى بولۇپ تۇرغان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ، بىر قىسىم دىنىي جاھىل كۇچلەر بىلەن يېڭىلىق تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت جىددىيلىشىپ كېتىدۇ . دەل شۇنداق ھالقىلىق بىر پەيتتە ئوپال بازارىدىكى چوڭ كوچىنىڭ كۆرۈنەرلىك تېمىغا مۇنداق بىر شېئىر چاپلىنىدۇ .

ھاجى ئەلەم ئاچ كۆززۆڭنى بۇگۇن كىمنىڭ زامانى ،
كۆرگىن ساڭا قارشى ئۆسكەن بۇ نەشۋىنى نامانى .
①
ساڭا قارشى ياسالماقتا ھەر تۆرت كەنتتە ②
ئوقۇغۇچى ،
بۇ يالقۇنلۇق ئوقۇغۇچى ، ئومۇمىي ھەم جاھانى .
سېنىڭ ئىپلاس تەسۋىرىڭ ھەرگىز چۈشمەس قولۇڭدىن ،
دەريا ـ دەريا قان يىغلاتتىڭ نەچچە ئوغۇل ـ قىزلارنى③

خىزمىتىگە يۇگۇرگەن ماموت قاسساپ④ ، ھەززىھاجى
⑤
ئالەم كۆزى كۆرمىسۇن بۇ ئىككىسىدەك رەسۋانى .
سېنىڭ بولغان رەھبىرىڭ قاسىم سىرىق⑥ دىۋانى
يەنە بويلاڭنى⑦ تۇتقان تىرىملىق شاقۇۋانى .
داۋاقەتلىك سىدىقنىڭ⑧ ئېتىڭ سىدىق ئىكەندۇر .
سىدىقىڭنىڭ ھالى بۇ ، قاسىمدا يوق دەرمانى ،
كۆتەرمەمسەن ماڭارىپتىن ھاجى ئەلەمدەك ۋابانى .

بۇ شېئىرنى ئۆمەر داموللام يېزىپ ، ئادەملىرىگە چاپلاتقانلىقى كېيىن ئايدىڭلاشقان . بۇ شېئىرنىڭ چاپلىنىشى

بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆپەيگەن ، ھاجى ئەلەم قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان . شۇنىڭ بىلەن ئۇيۇشما ئەزالىرى ھاجى ئەلەمنى مۇدىرلىقتىن قالدۇرۇپ ، 1937 - يىلى سىدىق مۇسايوفنى مۇدىرلىققا تەيىنلىگەن . بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيۇشما بىۋاسىتە تۇتۇۋاتقان يىگىچە پەننىي ماتارىپ ئوقۇتۇشى ۋە سەنئەت كۇرۇژۇكىنىڭ پائالىيىتى يەنىمۇ جانلانغان . مۇسايوف مۇدىرلىق خىزمىتىنى 1943 - يىلىغىچە ئىشلىگەن .

ماتارىپ ۋە سەنئەت ساھەسىدە يەنە سەل داۋالغۇش بولۇۋاتقان بۇ پەيتتە ، يەنى 1938 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى لى جىلياڭ (لى يۈنياڭ ) قەشقەرگە كېلىپ ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ماتارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغانىدى . ئۇ كەلگەندىن كېيىن قەشقەر ماتارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋە ئىلغار ياشلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى . يولداش لى جىلياڭنىڭ رەھبەرلىكىدە قەشقەرنىڭ ماتارىپ ئىشلىرى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرى تېز تەرەققىي قىلدى . ماتارىپچىلار جەمئىيىتى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى . لى جىلياڭ يازلىق تەتىلدە سىدىق مۇسايوف بىلەن بىرگە ئوپال ۋە بۇلاقسۇ ، تاشمىلىق رايونلىرىدا بىر قارارلىق ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىنى ئېچىشنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئۆزى كۇرستا دەرس ئۆتكەن . يېزا مەكتەپلىرىگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان . ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەن . ئاخشاملىرى ئامما بىلەن مۇڭدىشىپ ئۇلارنىڭ دەرد ئەھۋالىنى ئىگىلىگەن . ئۇنىڭ ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈشى ، دەردىگە دەرمان بولۇشى كەڭ ئامما ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان . كىشىلەرنىڭ ماتارىپ ۋە سەنئەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈش ئىشەنچىسىگە زور مەدەت بولغان .

ئومۇمەن ، ئوپالنىڭ سەنئەت ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ ، تەرەققىي قىلىپ ، ئەنئەنىۋى خەلق ئەلنەغمىلىرىنىڭ ئېسىل جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى . ئۇ يېقىنقى زامان شىنجاڭ ئۇيغۇر سەنئەت ئىشىرىغا مۇھىم ھەسسە بولۇپ قوشۇلدى . ئوپالنىڭ سەنئەت ئىشلىرى توغرۇلۇق سۆز ئاچماي ، شىنجاڭ ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى يېزىپ چىقىش مۇكەممەللىككە ئېلىپ بارمايدۇ . شۇڭا ، بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە ئەسكە ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارايمىز .

**ئىزاھاتلار :**

① نەشۋىئى ناما — نامايىش ، كۆتۈرۈلۈش .

② تۆرت كەنت — ئوپال تۆرت كەنت دېيىلەتتى .

③ بەزى نادان كىشىلەر نارەسىدە قىزلىرىنى ھاجى ئەلەمگە دۇئا قىلىپ بېرىدۇ ، دەپ تۇتاتتى . خوتۇن بىدىكىگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ موللا ئۇلار بىلەن 3 - 4 ئاي ئۆي تۇتۇپ ، قويۇۋېتەتتى . بۇ يەردە شۇلار كۆزدە تۇتۇلغان .

④ مامۇت قاساپ — مامۇت قاسىم ، گەپتان كىشى ، ئوپاللىق ، ھاجى ئەلەمنىڭ چاپارمەنلىرى .

⑤ ھەززاجى — ئوپاللىق ، ھاجى ئەلەمنىڭ يېقىنلىرى .

⑥ قاسىم سېرىق — ئوپاللىق ، ئوپالغا قازى بولغان . موللا ، ھاجى ئەلەمنىڭ شاگىرتلىرىدىن ، ئىلغار كىشىلەردىن .

⑦ بويلاڭ ــ تۆگىنىڭ بوٚرنىدىن لاگىدىن تارتىش دەيدۇ .
⑧ سىدىق ــ سىدىق مۇسايوف چۇلۇك ئۆتكۈزۈپ يېتىلەيدىغان يەرنى بويـ

## ئەقلىيەلەر

△ بىر تاغار ياڭاقنى ياڭاقچىلىك تاش چاقىدۇ .
△ قومۇچنى تۇتقان ئادەمنىڭ قولى كىسىلمەي قالمايدۇ .
△ جىم ئاققان سۇمۇ غەرق قىلىدۇ .
△ ئاچچىقنىڭ دورىسى — سۇكۇت
△ دۈشمەنلىرىمنى ئۆزۈم ئەپلەيمەن . مېنى دوستلىرىمدىن ئاسرا ، خۇدايىم···
△ جىمغۇرنىڭ چىشى قولتۇقىدا .
△ خۇشاللىق ئاستا كېلىپ تېز كېتىدۇ ، خاپىلىق تېز كېلىپ ئاستا كېتىدۇ .
△ ئۆتمۈشنى تولاراق ئاڭلاپ ، ھازىرقى زاماننى ئېنىقلاپ ئالىمىز ، ئۆتكەنلەرنىڭ مەنىسىگە چوڭقۇرراق چۈشىنىپ ، كېلەچەكنىڭ مەنىسىنى ئاچىمىز ؛ ئارقىغا قاراپ ، ئالغا قەدەم تاشلايمىز .

— ئا .ن .گىرتسىن

△ ھەربىر ئوقۇمۇشلۇق ئادەم قەدىمكى ئۇلۇغۋار زامان ياراتقان نەرسىلەر توغرىسىدا يېتەرلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولمىقى لازىم .

— ئا .س . پۇشكىن

△ تارىخ ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن سىر ئەمەس .

— يەزدى

△ ئىززەت بېرىدىغان زۆرۈر خارلىق كەلتۈرىدىغان پارچە ـ پۇرات ھەقىقەتلەردىن مىليون دەرىجىدە قىممەتلىكتۇر .
△ ئىنسان روھىيىتىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك كىسەللىك ئارزۇ يوقلۇق ، ھىممەت تۆۋەنلىك ، ئۈمىدسىزلىك ، ئۆزلىرىگە ئېتىماد يوقلۇق كىسەللىكلىرىدۇر .
△ ئۆگىنىش — بىلىمنى ئىشلىتىش يوللىرىنى بىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەس . بىلىمنى ئىشلىتىش ئۆگىنىشتىن ھالقىغان ئەقىل ـ پاراسەتتۇر ، بۇ پاراسەت بىۋاستە كۆزىتىپ تەجرىبە قىلىشتىن كېلىدۇ .

— بېكون

# تېۋىپ يۈسۈپ ھاجى كاشغەرىنىڭ قىسقىچە ئۆمۈر بايانى

## يۈسۈف ئىگەم

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى-
گە ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى ، مائارىپ-
چى يۈسۈف ھاجى كاشغەرى ، 1876 ـ
يىلى قەشقەر شەھەر ئۆستەڭبويى كوچا
باشقارما ياغاچچى كوچىسىدا سودىگەر ئائى-
لىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇنىڭ دادىسى
قادىر ھاجى (لەقىمى ئۇلار ) قەشقەر كو-
نىشەھەر ناھىيە كۆلچەكئېرىقتىن ، قادىر
ھاجىنىڭ دادىسى قوزى خوجا (يەنى بىر
ئىسمى قوزى داموللا ) ، قوزى خوجىنىڭ
دادىسى سامساق خوجا بولۇپ ، ئۇلارنىڭ
ئارىسىدا يۈسۈف ھاجىنىڭ تەربىيىلىشىگە
كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن قادىر ھاجى
ئەينى يىللاردىكى ئوقۇمۇشلۇق سودىگەر
بولۇپ ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئاشپەزلىك ما-
ھارىتى ۋە سودىدىكى چەبدەسلىكى بىلەن
بۇرادەرلىرى ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر
ئادەم ئىدى . ئۇ دوستلىرى بىلەن ئۇيۇش-
تۇرۇلغان سورۇنلارغا دائىم ئوغلى يۇ-
سۇفنى ئېلىپ بېرىپ «قولاق موللىسى»
قىلغان . چوڭلارنىڭ جەمئىيەت ، دىن ،
ئىلىم ـ مەرىپەت ، سودا توغرىسىدىكى پا-
راڭلىرى ئۆسمۈر يۈسۈفكە تەسىر كۆرسى-
تىپ ئۇنىڭ كىچىكىدىنلا ئىلىم ـ مەرد-
پەتنى سۆيىدىغان چېچەن بالا بولۇپ يېتى-
لىشىگە تۈرتكە بولغان . ئۇ ، 1896 ـ
يىلىغىچە قەشقەردە دىنىي مەكتەپلەردە ئو-
قۇپ ئەرەب ، پارس ، ئوردو تىللىرىنى
پۇختا ئىگىلىگەندىن باشقا ، ئەدەبىيات تا-
رىخ ، جۇغراپىيە ، ھېساب ، ئىلمى نۇجۇم-
دىن بىلىم ئېلىپ ھەم ئۇستا خەتتات بو-
لۇپ يېتىشىپ چىققان .

1905 ـ يىلى ئۇ دادىسى قادىر ھاجى
(ئۇلار ) ، تاغىسى تۇردى ھاجى (ئۇلار )
بىلەن بىللە بارغان ھەج سەپىرىدە رۇسى-
يە ، تۈركىيە سۇرىيە ، مىسىر قاتارلىق
دۆلەتلەرگىمۇ بارىدۇ . ئەينى چاغدىكى دى-
يارىمىز بىلەن چەت ئەل دۆلەتلىرى ئوت-
تۇرىسىدىكى روشەن سېلىشتۇرما ئۆزگە
ئەللەردىكى تەرەققىيات يۈسۈفكە تەسىر
قىلماي قالمىغاچقا ، ئالغان تەسىراتلىرى ئاساسىدا
«سەفەرنامە» دېگەن كىتابنى يېزىپ شۇ
يىللاردىكى تاشكەنت مەتبەئەسىدە چاغاتاي
تىلىدا نەشر قىلدۇرغان .

قادىر ھاجى (ئۇلار ) ئۆز ئوغلىنىڭ
بىلىمگە ھېرىسمەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ،
ئۇنىڭ ئۇچۇن تۇرپاندىن مەشھۇر تېۋىپ
مۇھەممەد ئاخۇنۇم دېگەن كىشىنى تەكلىپ
قىلىپ قەشقەرگە كەلتۈرۈپ ، ئۈچ يىل
ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ ئوغلى يۈسۈف ھا-
جىغا ئۇستاز قىلىپ بەرگەن . 1910 ـ
يىلىدىن باشلاپ يۈسۈف ھاجى ئۆگەنگەنلى-
رى بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ ،
ئۆز ئۆيىدە مۇستەقىل كېسەل كۆرۈشنى
باشلىغان . ھەمدە قوشنا ۋىلايەت ، ناھىيى-
لەرگە بېرىپمۇ سەييارە كېسەل كۆرۈش ۋە

داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇ ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرى ئاساسىدا 1928 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە 21 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «تەرنقۇل ئىلاج تۈركىي» ، «قارابادىن قادىرى» دېگەن كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان تېبابەت ئىلمى بىلەن ئىلمى نۇجۇم بىرلەشتۈرۈلگەن «پالنامە» ناملىق كىتابنى چاغاتاي تىلىدا تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يېزىپ چىققان .

1912 - يىلى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە چىڭ خاندانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ تاشلىنىپ جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان بولسىمۇ شىنجاڭدا يەنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋاقىتلىق تۈزۈمى ساقلاپ قېلىنغان ئىدى . خەلق كونا تۈزۈمنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىغان ، ياۋروپالىق ئەجنەبىي كۈچلەر ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە غەربچە داۋالاش تونىغا ئورىنىۋېلىپ دىن تارقىتىپ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇقىنى چېچىۋاتقان ، ئەكسىيەتچى جاھانگىر كۈچلەر پىتىراۋاتقان ھەم خەلقنى قايمۇقتۇرۇۋاتقان ۋاقىت بولۇپ ھەرقايسى يۇرت مەھەللىلەردە تېببىي خادىملار ئاز ئىدى . بۇ ۋەزىيەتتە يۇسۇف ھاجى 1914 - يىلىدىن باشلاپ نېقى قارىھاجى (تۇرپاندىن) ئابىد داموللا (تۇرپاندىن) ، سادىق ئاخۇنۇم (قاغىلىقتىن) مۇھەممەدئىمىن قارىم (قارىقاشتىن) قاتارلىق كىشىلەرنى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت بويىچە قەشقەردە تەربىيىلىگەن

1930 - يىللاردىكى قەشقەر ۋەزىيىتىدە سىياسىي داۋالغۇش ۋە قايمۇقتۇرۇشلار كۆپ بولغان خەلقنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم چېكىدىن ئاشقان خەلقنى ئىلىم ، مەرىپەتكە ، ئەركىنلىككە ، باراۋەرلىككە ، ئاق - قارىنى پەرق ئېتىشكە ئۈندىگەن ئوقۇمۇشلۇقلار قارا نىيەتچىلەرنىڭ كۆزىگە سانجىلغان تىكەن كۆرۈنگەچ يۇرتىدىن ئايرىلىپ سەرسانلىق ياكى زىندانلاردا كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرمەي ياشاشقا مەجبۇر بولغان ۋە ۋاقىتسىز قۇربانلارنى بەرگەن ئىدى . ئاشۇ ۋەتەنداشلىرى قاتارى يۇسۇف ھاجىمۇ قەشقەر ياراباغ تۈرمىسىدە ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتىۋاتقاندا ئۆز ئاتىسى قادىر ھاجىنىڭ ۋاپاتىنى ئۆزىتىشقا قادىر بولالمىغان . كېيىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمىدە تۈرمىدىن چىقىپ تېۋىپلىق قىلغان .

مەھمۇد شىنجاڭ قەشقەردە مەرىپەتنىڭ مەشئىلىنى قايتا ياندۇرغاندا يۇسۇف ھاجى قەشقەر شەھىرىنىڭ ھازىرقى ئۆستەڭبويى سەي - كۆكتات بازىرى كوچىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئېچىلغان مەكتەپتە مۇدەرسلىك قىلغان . مەھمۇد مۇھىتى چەتئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يۇسۇف ھاجى شېڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ قەشقەر تۈرمىلىرىدە بىر مەزگىل ياتقاندىن كېيىن ئۈچ ئايچە ۋاقىت ئىچىدە ئۇلاغ ھارۋىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە توشۇلۇپ شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە 16 ئاي قامالغان ۋە تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ يۇرتداشلىرى ياردىمىدە يۇرتقا قايتقان .

40 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا يۇسۇف ھاجى كاشغەرى يەنە بىر گومىنداڭ ساقچىسىنىڭ بوھتان چاپلىشىغا ئۇچراپ يەنە بىر رەت تۈرمە ئازابىنى تارتىپ ئىش ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن ئاقلىنىپ چىققان .

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تىنچ شارائىتتا يەككە تېۋىپلىق قىلىۋاتقان يۇسۇف ھاجى 1955 - يىلى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن «قەشقەر ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى»نى قۇرۇشقا قاتنىشىپ ، شىپاخانا باشلىقى بولغان ھەمدە قەشقەر تېببىي تېخنىكومىدا ئۇيغۇر شىپاگەرلىكى بويىچە

دەرس بەرگەن . ئۇز ئۆۋىتىدە يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ، بىرلىك سەپنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ جامائەت ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلغان . ئۇنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن ئەبىن سىنانىڭ «ئەلقانۇن» دېگەن كىتابى ئاساسىدا يېزىپ چىققان «قانۇنچە» ناملىق كىتابىنى 1961 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان . ئۇيغۇر شىپاخانىسىدا مۇھەممەد مۇسا ، مامۇت (ئۇلار ) ۋە باشقا كىشىلەر بىلەن تەشكىللەنگەن گۇرۇپپىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ، ئۇلار بىلەن بىللە «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان مۇرەككەپ دورىلار قوللانمىسى » ۋە «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىدىغان دورىلار قوللانمىسى» ناملىق ئىككى كىتابنى يېزىشنى تاماملىغان .

يۈسۈپ ھاجى كاشغەرى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىيەت بىلىملىرى ۋە مەنچىڭ ، گومىنداڭ ۋە يېڭى جۇڭگودىن ئىبارەت ئۈچ دەۋر ، ئۈچ خىل سىياسىي تۈزۈمنىڭ ۋە بەزى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولۇش سۈپىتى بىلەن مول تارىخ بىلىمگە ئىگە ئىدى . ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئىستېداتمۇ ئەلگە مەلۇم . 1950 - يىللاردا قەشقەر شەھىرى ھازىرقى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئورنىدىكى قورۇدا ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن ئېچىلغان كۇرستا شەرق ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن دەرس بەرگەن ھاياتىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بىر قىسىم شېئىرلارنى ، قەشقەر يۇمىلاق شەھەر كۆلبېشىدىكى ئۇلپەتدىشى ، ئۇستازى ئەھمەد خەلپىتىم ۋە جامائەت ئەربابى قۇتلۇق شەۋقى ئۈچۈن مەرسىيەلەرنى يازغان بولسىمۇ ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا تۇپلەغان كىتابلىرى بىلەن بىر قىسمى كۆيدۈرۈلگەن ھەم يوقالغان .

يۈسۈپ ھاجى كاشغەرىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىنىڭ بىرى بولغان «قانۇنچە» كىتابى 1961 - يىلى ، 1975 - يىلى ۋە 1996 - يىلى ئۈچ قېتىم نەشر قىلىنىپ تارقالدى . «تەرىقۇل ئىلاج تۈركىي» ، «پالنامە» قاتارلىق كىتابلىرى ۋە بەزىبىر كېسەل كۆرۈش ، دورا بېرىش خاتىرىلىرى ساقلاندى .

يۈسۈپ ھاجى كاشغەرى 1961 - يىلى 2 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ، كېسەل ۋە ھارغىنلىق سەۋەبىدىن 85 يېشىدا ۋاپات بولدى . ئۇ ئۆز ئۆمرىدە مۆھتەرەم خېنىم ۋە ھۆمەرا خېنىمگە ئۆيلىنىپ ، ئىككى ئايالدىن ئالتە پەرزەنتلىك بولغان . ئۇ ئۆز پەرزەنتلىرىگە تەلەپچان ئىدى . ئوغۇللىرىدىن مۇھەممەد مۇسا بىلەن مۇھەممەد ئەلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر شىپاخانىسىنىڭ تېۋىپلىرى بولغان ، ھازىر دەم ئېلىشتا . قىزى بەھرىنىسا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ خەنزۇ تىلى دوتسېنتى .

### 1 . پايدىلىنىلىدىغان ماتېرىياللار

① سىدىق رەھمەت ، مۇختار مەھمۇد مۇھەممىدى «مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى » قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1997 - يىلى نەشرى .

② «ئۇيغۇر تېبابەت چولپىنى» قەشقەر ئۇيغۇر تېبابىتى شىپاخانىسى نەشرى .

③ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى . 28 - قىسمى .

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى : قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتى )

# شىنجاڭنىڭ تۇنجى فولكلور مۇزېيى

ئابدۇكېرىم رەھمان

فولكلور — بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ كەڭ ئەزالىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، كەڭ قوللىنىلغان ۋە ئەنئەنە بولۇپ داۋاملاشقان تۇرمۇش مەدەنىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

فولكلور خەلق ئارىسىدىكى بىر خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بولغاچقا، ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدە قىسمى يىراق ئۆتمۈشتە شەكىللىنىپ كوللېكتىپچانلىقتا، ئەنئەنىۋىلىكتە ۋە يۇكسەك تىپىكلىكتە ئىگە بولغان. ئەمما ئۇنىڭ تومۇرى بۈگۈنگىچە سوزۇلۇپ تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

فولكلور ئومۇمىي گەۋدىسىدىن ئالغاندا تۆۋەندىكىدەك تۆت چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

1 - ماددىي فولكلور (ئىقتىسادىي ئادەتلەر)

ئۇ مۇھىمى ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى (ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك)، يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرى، كىيىنىش ئادەتلىرى، ئولتۇراق ئۆي ئادەتلىرى، سودا - سېتىق ئادەتلىرى، قاتناش - ترانسپورت ئادەتلىرى، ئەمچىلىك ئادەتلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2 - ئىجتىمائىي فولكلور

ئۇ مۇھىمى ئىجتىمائىي تەشكىللىنىش ئادەتلىرى (قانداشلىق، يۇرتداشلىق ۋە كەسىپداشلىق تەشكىلاتلىرى)، ئىجتىمائىي تۈزۈم ئادەتلىرى، ئائىلە، قان - قېرىنداشلىق، ئۇرۇقداشلىق قاتارلىق ئىپتىدائىي تەشكىلات نىزاملىرى، ھاياتلىق مۇراسىملىرى، ھېيت - بايرام ۋە ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3 - مەنىۋى فولكلور

ئۇ ماددىي ئادەتلەر ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىدېئولوگىيە خورمىسى تەرەپتىكى ئادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. يەنى خەلق ئارىخىدىكى ھەر خىل ئېتىقادلار، سېھرىي ئادەتلەر، پەرھىز ئادەتلىرى، ئاۋام ئارىسىدىكى پەلسەپە ۋە ئەخلاقىي قاراشلار، قېلىپلاشقان پىسخىك ۋە ئېستېتىك ئادەتلەر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4 - تىل فولكلورى

ئۇ مۇھىمى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، خەلق ئارىسىدىكى ئىدىئوملار ئالاھىدە مەنىگە ئىگە خاروللۇق تىللار، فانتومىملىق تىللار (ئىقابلىق تىللار)، سىمۋوللۇق تىللار، تېپىشماقلىق تىللار، قارغىش تىللار، قارا گەپلەر، لاپلار، چاقچاق ۋە يۇمۇرلۇق تىللار، ئەپسۇن - ئەرۋەشلەر ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. فولكلور يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان بىر ئىلىم سۈپىتىدە، پۈتكۈل

خەلق مەدەنىيىتىنىڭ كۆزنىكى ۋە مېلودىيىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى يوقاتماي، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ھەمراھ بولۇپ كەلدى.

شىنجاڭ فولكلور ماتېرىياللىرىغا ئىنتايىن باي رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، دۇنيانىڭ نەزىرىدە «فولكلور يۇرتى» دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ بۇ رايوندا چەت ئەل مەدەنىيەت ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىگە ئائىت ھەرخىل ماتېرىياللارنى توپلاش - يەغىش قىزغىنلىقى كەڭ قانات يايغان ئىدى. ھازىر دۇنيادىكى بولۇپمۇ ياۋروپا ئەللىرىدىكى داڭلىق تارىخىي مۇزېيلاردا شىنجاڭنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىگە ئائىت كۆپلىگەن ماتېرىياللار ساقلىنىۋاتىدۇ.

ۋەھالەنكى، شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ھازىرغىچە بىرقەدەر كۆلەملەشكەن ۋە مەخسۇسلاشقان «فولكلور مۇزېيى» قۇرۇلمىغان ئىدى. گەرچە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا رايونىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن بەزى شەھەر - ناھىيىلەردە يەرلىك ئۆرپ - ئادەت مۇزېيلىرى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىلمىي ۋە تېخنىكىلىق جەھەتلەردە فولكلور موزېي قۇرۇشنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرىدىن خېلى يىراقتا تۇردۇ.

ئىچكى ئۆلكىلەردە بولۇپمۇ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايونلاردا، جۇملىدىن كۆپلىگەن ئالىي مەكتەپلەردە خېلى بۇرۇنلا بۇ خىزمەت چىڭ تۇتۇلۇپ ئۆزلىرىنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەللەشكەن فولكلور موزېيلىرى ئارقىلىق بەلگىلىك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دۆلەتلىك نۇقتىلىق ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات كەسپى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئون چوڭ نۇقتىلىق كەسپلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ كەسپتە فولكلور ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يۆنىلىشى بويىچە ماگىستىر ۋە دوكتور ئاسپىرانتلارنى تەربىيىلەش نۇقتىسى قۇرۇلغان. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاز سانلىق مىللەتلەردىن يېتىشىپ چىققان بىردىنبىر دوكتور يېتەكچىسى مۇشۇ كەسپتە بولۇپ، ھازىر ئۈچ نەپەر دوكتور تەربىيىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، 1996 - يىلى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى» قۇرۇش ھەققىدىكى پىلان - لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لاھىيە مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشىپ، «211 قۇرۇلۇش» تۈرىدىكى نۇقتىلىق تۈر قىلىندى. مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىللەنگەن دۆلەتنىڭ «211 قۇرۇلۇش» تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش گۇرۇپپىسى قايتا تەكشۈرۈش ۋە دەلىللەش ئارقىلىق 1997 - يىلى بۇ نۇقتىلىق تۈرنى تەستىقلاپ بېكىتتى ھەمدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «211 قۇرۇلۇش» خىراجىتىدىن فولكلور مۇزېيىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئۈچۈن 30 تۈمەن راسخوت ئاجرىتىپ بېرىلدى. بۇ تۈرگە مەسئۇل بولغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات كەسپىدىكى كەڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىككى يىلدىن

بۇيان پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا فولكلور ماتېرىياللىرى بىرقەدەر پۇختا ساقلانغان 15 تېپىك ناھىيىنى تاللاپ، ئۇ رايونلاردا فولكلور ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈش، يىغىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى. شۇنداقلا «فولكلور مۇزېيى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىللىگەن بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ رايونلىرىدا ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ فولكلور بايلىقلىرىنى قايتا تەكشۈرۈش، نۇقتىلىق ۋە نىشانلىق ھالدا يىغىش - رەتلەش، فىلىمگە ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللىشى نەتىجىسىدە قىسقىغىنە ئىككى يىل ئىچىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى فولكلور مەدەنىيىتىگە ئائىت 5000 تۈردىن ئارتۇق قىممەتلىك ماددىي بۇيۇملار يىغىۋېلىندى. ئۇنىڭ ئىچىدە بەش، ئالتە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە ھەر خىل كىيىم - كېچەكلەر، ساپال كوزا - قاچىلار، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر سايمانلىرى، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بۇيۇملىرى، يەرلىك مىللىي زىننەت بۇيۇملىرى، يېمەك - ئىچمەك ئەۋرىشكىلىرى، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى، ئائىلە تۇرمۇش سايمانلىرى، قەدىمكى قولىيازمىلار قاتارلىق قىممەتلىك ئاسارئەتىقىلەر بار. بۇ مۇزېيغا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مىڭدىن ئارتۇق ماددىي بۇيۇملارنى تۈرگە ئايرىپ تاللاپ قويۇلدى، ھەممە شىنجاڭدىكى 13 ئاساسىي مىللەتنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان 13 مەخسۇس تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلىنىپ ئېكىسكۇرسىيىچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ مۇزېيى يەنە ئۆزىنىڭ يېنىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىگە ئائىت فوتو سۈرەتلەر كارىدورى ئاچتى.

مەزكۇر مۇزېينىڭ مۇندىن كېيىنكى خىزمەت پىلانىدا فولكلور ماتېرىياللىرىنى ئۈزلۈكسىز توپلاش - يىغىش ۋە رەتلەش ئارقىلىق مۇزېينىڭ كۆرگەزمە قىلىش زالىنىڭ تېخىمۇ كېڭەيتىش، مۇزېي باشقۇرۇشىدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ۋە ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «شىنجاڭ فولكلور مەدەنىيىتى» ناملىق قەرەلسىز ژۇرنال چىقىرىش، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ۋە فولكلور مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان 13 پارچە يۈرۈشلەشكەن كىتاب ئىشلەش، ھەربىر مىللەتكە بىردىن VCD فىلىمى ئىشلەپ ئاشكار بازارغا سېلىش، ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىدارىسى، ساياھەت ئىدارىسى قاتارلىق ئورگانلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ، بۇ مۇزېينى چەت ئەللىك زىيارەتچىلەرنىڭ ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغان بىر نۇقتىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، ئىجتىمائىي ئۈنۈمدىن تەدرىجىي ھالدا ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشقا يۈزلىنىش قاتارلىق ئەمەلىي مەزمۇنلار بار. بۇ مۇزېينىڭ دەسلەپكى ئېچىلىش مۇراسىمى 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بەزى رەھبەرلىرى، مۇناسىۋەتلىك ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى قاتنىشىپ، يۇقىرى باھا بەردى. شۇنداقلا مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتايى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەيۈەنجاڭى يولداش تۆمۈر داۋامەت 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ بۇ مۇزېينى كۆزدىن كەچۈردى،

ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بۇ تۈنجى فولكلور مۇزېيىنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىشقا چاقىردى.

بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، دەۋر تەرەققىياتى بىلەن يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن بۇ مۇزېي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ئەمەلىي ياردىمى ئاستىدا ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى ۋە تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ «غەربىي قىسمىنى چوڭ ئېچىش»، «شىنجاڭنى گۈللەندۇرۇش» يولىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

(ماقالە ئاپتورى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى)

ئەجدادلار ھېكمەتلىرىدىن

△ ساخاۋەت — ئىنسانىيەت بېغىنىڭ
ھوسۇلدار دەرىخى. بەلكى، ئۇ
دەرەخنىڭ خاسىيەتلىك مېۋىسى.
ساخاۋەت — ئادەمىيلىك پەزىلە-
تىنىڭ ـەۋج ئۇرۇپ تـۇرغـان
دېڭىزى. بەلكى، ئۇ دولقۇنلۇق
دېڭـىزنىڭ بىبـاھاگـۆھىرىدۇر.

— نەۋائىي

△ كىشىگە نەچچە كەلسە مۇشكۇل ھال،
ھېكمەتۇ ـ ئەقىل ئاڭا ئېرۇر ھالال.

— نەۋائىي

△ ئەي يارانلار! بىز ئۆلۈرمىز يادىكار قالدى كالام،
كىشىدىن قالغان جاھاندا بىر نىشانە ياخشى نام.

— نەۋبىتى

# سايرام بىلەن بالقاشنىڭ تېگىنىڭ تۇتاشلىقى ھەققىدە رىۋايەت

بۇۋام ، مومام زامانىدا ، بىر سودىگەر ئالمۇتا تەرەپلەرگە جابدۇنۇپتۇ . سودىگەر تۇغقان يوقلاش ۋە سودا قىلىش ئۈچۈن پۇلغا قوشۇپ ئالتۇن ئېلىشنى زۆرۈر تېپىپتۇ . يولدىكى خەتەر ۋە مۈشكۈللەرنى كۆزدە تۇتۇپ ئالتۇنلىرىنى مىخ قىلىپ ئېگەرنىڭ قونقىسىغا قېقىپتۇ . ئېگەر قېشىنىڭ ئىچىگە ئويۇقچە ئويۇپ تىقىپتۇ . سودىگەر يولغا چىقىپ قىر - داۋانلاردىن ئېشىپ سايرام كۆلىگە كەلگەندە ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن يىلقىدىن چۈشۈپ يىلقام سۇ ئوتلىۋالسۇن دەپ قىرغاقتىن نېرىراق ، تېيىزرەك يېرىگە قويۇپ بېرىپ ئۆزى ئۆتۈكنى سېلىپ ، ئىشتاننى تۈرۈپ سۇغا كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا ، يىلقا توساتتىن بىر - ئىككى چاپچىپ سۇ ئاستىغا چۆكۈپ كېتىپتۇ . سودىگەر «ئاللا ! توۋا» دەپ ئۆز مېلىغا ۋە ھەمراھىغا ئېچىنىپ ، بېشىنى تۇتقىنىچە بىر ھازا ئولتۇرۇپ قاپتۇ . خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ قارىسىمۇ سۇلار يېنىك دولقۇنلاپتۇ ، لېكىن يىلقىنىڭ تاپى سۇ يۈزىگە چىقماپتۇ . سودىگەر «بولدى نىيەت قىلىپ سەپەرگە چىقىپتىمەن ، يېرىم يولدىن قايتماي» دەپ دەسلەپتە چۈشۈرۈۋالغان خۇرجۇنىدىكى ئوزۇق - تۈلۈكى ۋە چۆنتىكىدىكى يېتەرلىك پۇل بىلەن سەپەرنى داۋام ئېتىپتۇ .

ئالمۇتاغا ئامان - ئېسەن بېرىپ ئۇرۇق - تۇغقان ، بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ بىر كۈنى بازار ئايلىنىۋاتقاندا ئەسكى - تۈسكىلەر بازىرىدا بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ يىتتۈرگەن ئېگىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئېگەرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ كۆڭلىگە بىر ئوي كېچىپتۇ . ئېگەرنى قولغا ئېلىپ ئۇ يەر ، بۇيەرلىرىنى تاتىلاپ كۆرسە دەل ئۆزىنىڭ ئەسلى ئېگىرى بولۇپ چىقىپتۇ . سودىگەر ئۇ كىشىدىن سوراپتۇ .

— ھوي ، ئاكا ! بۇ ئېگەرنى قايدىن ئالغانتىڭىز ؟

— بالقاشتا بېلىق تۇتقاندا سۇغا تور تاشلىسام ، ئىلىنىپ چىقتى . ساتاي دەپ بازارغا ئېلىپ كىردىم . — دەپتۇ . سودىگەر دەررۇ ئېگەرنى سېتىۋاپتۇ . ھەمدە بۇ ئىشنى ئۇرۇق - تۇغقان ، دوست - يار - بۇرادەرلىرىگە ، يۇرت ئەھلىگە دەپ بېرىپتۇ . سايرام كۆلى بىلەن بالقاش كۆلىنىڭ تېگى تۇتاش ئىكەن دېگەن رىۋايەت شۇنىڭدىن تارالغان ئىكەن .

سۆزلەپ بەرگۈچى : قەشقەر نەزەرباغ يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن دىلشاد

خاتىرىلىگۈچى : يۈسۈف ئىگەم .

# «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىغا ماقالە قوبۇل قىلىش ئېلانى

«شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات يۇرتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىدىغان ئىچكى ژۇرنال بولۇپ، 1993 ـ يىلىدىن باشلاپ قەرەلسىز چىقىرىلىشقا باشلىغان.

ژۇرنىلىمىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپ يېتەكچىلىكىدە «ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ»، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىي مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىش ئىشلىرىنىڭ ئالغا سۈرۈلۈشىگە تۆھپە قوشۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئېنىقراق ئېيتقاندا، تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى ئەسلىمىلەرنى، ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلىنمىغان تارىخ ۋە مەدەنىيەتكە دائىر ماتېرىياللارنى، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، رىۋايەت، تارىخىي ناخشا ـ قوشاقلار، گۈزەل-سەنئەت (رەسىم، ھۆسنخەت، نەققاشلىق، ئويمىكارلىق) ئەسەرلىرىنى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئائىت ئېتنىگرافىك ماتېرىياللارنى ئۆز سەھىپىسىدە ئېلان قىلىدۇ. ژۇرنىلىمىز مۇشۇ تېمىلاردا قىسقا ئەمما يۇقىرى ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە ماقالىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ سان ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتا سىنزدەك ئىقتىدارلىق بىلىم ئەھلىلىرىگە تايىنىمىز ۋە سىزنىڭ ژۇرنىلىمىزنى قوللاپ نادىر ئەسەرلىرىڭىزنى داۋاملىق ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمىز.

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرگە دەرىجىگە بۆلۈپ مۇۋاپىق قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ. بىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىڭىزنىڭ سەھىپىسى ئىخچام، تارىخىي ئىسپاتلىرى تولۇق، خېتى ئېنىق، قۇرلىرى كەڭ، جۈملىلىرى راۋان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. جۈملىدىن كونا تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئېلىنغان نەقىللەر ئەسلىدىكى تىل شەكلى بويىچە ئېلىنىشى ھەم تەلەپ قىلىنىدۇ. ماقالىڭىزنىڭ ئاخىرىغا ماقالىنى يېزىشتا پايدىلانغان ماتېرىياللار ئېنىق يېزىلسۇن. شۇنداقلا ئۆزىڭىزنىڭ ئېنىق ئادرېسىنى، ئۇنۋانىڭىزنى، پوچتا نومۇرى ۋە تېلېفون نومۇرىڭىزنى يېزىشنى ئۇنتۇماڭ. بىزگە ئەۋەتكەن ماقالىلەر قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئۆزىڭىزگە بىر نۇسخا ئېلىپ قويۇڭ. تەھرىر بۆلۈمىمىز ماقالىڭىزنى

ئاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن باشلاپ ئۈچ ئاي ئىچىدە ماقالىمىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى توغرۇلۇق ئالاقە ئەۋەتىدۇ .

ئالاقىلەشكۈچى : شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ماتېرىيال بۆلۈمى
رىزۋانگۈل
تېلېفون : 2862753 ئارقىلىق 2571
پوچتا نومۇرى : 830046

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى
ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات يۇرتى
(ئۈرۈمچى شەرق شامىلى يولى 14 ـ نومۇر )

2000 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

## ئىبرەتلىك ھېكمەتلەر

△ قۇياش قارىغۇ كىشىگە كۆرۈنمىگەندەك ، توغرا يول بەلگىلىرى جاھىللارغا كۆرۈنمەيدۇ .
△ ياخشى ـ يامان خۇلقلارنىڭ ھەممىسى مۇھىت ، تەربىيە ، ئادەتلىنىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ .
△ ئىنسان ئۆزىنى ئۇششاق سۆز ، ئۆچەكەشمەك ، جېدەل ـ شىكايەت ، نارازىلىق ، داد ـ پەريادلار دىن خالىي قىلىپ چىقمىغۇچە شۇ خىل ئىپلاس ۋە پەسكەش خاراكتېردىن ئازاد بولالمايدۇ .
△ ئۇلۇغلۇق ئىنسانغا ھېچقانداق يامانلىقنى يېقىنلاشقا يول قويمايدىغان بىر ھالەتنى جەملىگۈچى كۈچتۇر .
△ كىشى بىرەر يامان ئەھۋالغا ياكى قايغۇ ـ ھەسرەتكە دۇچ كەلگەندە ئۇنىڭغا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش — رەھىمدىللىك دېيىلىدۇ .
△ ئىنساندىكى ئەڭ يامان جىنايەتكار ئىللەت — ئىككى يۈزلىمىلىكتۇر .
△ سىرنى ساقلىساڭ سىر ساڭا مەھبۇس ، سىر ساقلىمىساڭ سەن سىرنىڭ مەھبۇسى .



سەھەر (تام رەسىمى) قۇربانجان قادىر ئىشلىگەن



«شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى.
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھرى شەرق شاملى يولى 14 ـ نومۇر
تېلېفون: 2822254 ئارقىلىق 68124. پوچتا نومۇرى: 830002
بۇ سان ژۇرنال 2000 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇن نەشردىن چىقتى
ئىچكى گېزىت ـ ژۇرناللارنى نەشر قىلىش ئىجازەتنامىسى (JX) 1281